




# مۈشۈك بىلەن چاشقان

(قىزىقارلىق ئەپسانىلەر)




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن


## ئەلىپبەدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى




ISBN 978-7-89415-023-3



هۆرمەتلىك ____________ گە:

______________________________

______________________________

______________________________

______________________________



____________ دىن تەقدىم

- يىلى - ئاينىڭ - كۈنى






# مۇشۈك بىلەن چاشقان

(قىزىقارلىق ئەپسانىلەر)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن
قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

**مۇشۇك بىلەن چاشقان**

(قىزىقارلىق ئەپسانىلەر)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 117.75
نەشرى: 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 89415 - 023 - 3
ئومۇمىي باھاسى: 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)

# مۇندەرىجە


## تۆگە ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

تۆگىنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن كالتە بولۇپ قالغان؟ ........................ 1

تۆگە سۇ ئىچىۋېتىپ نېمە ئۈچۈن پات ـ پات ئەتراپىغا قاراپ قويىدۇ؟............ 2

## ئات ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

ئات نېمە ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان بولۇپ قالغان؟........................ 3

ئىشلار شۇنداق بولغانىكەن................................................ 4

ئاتقا نېمە ئۈچۈن ئىگەر توقۇلىدىغان بولۇپ قالغان؟........................ 6

## ئېشەك ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

ئېشەك نېمىشقا كۆلدە ئېغىنايدۇ؟............................................ 7

ئېشەك نېمە ئۈچۈن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن ئۆتكىلى ئۇنىماي تىرەجەپ تۇرۇۋالىدۇ؟.. 9

ئېشەك مۈڭگۈزىدىن قانداق ئايرىلىپ قالغان؟................................ 11

## كالا ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

كالا نېمىشقا سامان يەيدىغان بولۇپ قالغان؟.................................. 12

كالىنىڭ سېسىق سۇ ئىچىشى................................................ 13

كالا بىلەن غاز.......................................................... 14

## ئىت ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


ئىت قانداق قىلىپ ئادەملەر بىلەن بىللە ياشايدىغان بولۇپ قالغان؟ ............... 16

ئىت نېمە ئۈچۈن توشقاننى كۆرگەن ھامان قوغلايدۇ؟ ................. 18

ئىت بىر - بىرىنى كۆرگەندە نېمىشقا چىشىنى ھىڭگايتىدۇ؟ ............. 19


## ئېيىق، بۆرە، تۈلكە ۋە مايمۇن ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر


ئېيىقنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن قىسقا بولۇپ قالغان؟ ................. 21

بۆرىنىڭ دۈمبىسى نېمە ئۈچۈن ئالتاغىل بولۇپ قالغان؟ ................ 22

تۈلكە قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى نېمە ئۈچۈن ئاق بولۇپ قالغان؟ ............... 24

مايمۇننىڭ ساغرىسى نېمە ئۈچۈن قىزىل بولۇپ قالغان؟ ................ 26


## مۈشۈك ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


مۈشۈك بىلەن چاشقان ......................................... 27

مۈشۈك نېمىشقا چاشقان يەيدىغان بولۇپ قالغان؟ ...................... 28

مۈشۈك نېمىشقا بىر نەرسە يېگەندىن كېيىنلا يۈزىنى يۇيىدۇ؟ ............. 30

مۈشۈك نېمە ئۈچۈن پوقىنى كۆمىدۇ؟ ............................. 31

«تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەن سۆز قانداق پەيدا بولغان؟ ....... 33

مۈشۈكنىڭ دۈمبىسى نېمىشقا يەرگە تەگمەيدۇ؟ ........................ 34


## خوراز ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


خوراز نېمىشقا مۈڭگۈزىدىن ئايرىلىپ قالغان؟ ........................ 35

خوراز بىلەن تۇز .............................................. 37

خوراز قانداق بولۇپ ئۆي قۇشىغا ئايلىنىپ قالغان؟ .................... 38

خوراز سۇ ئىچكەندە نېمە ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارايدۇ؟ .......... 40

خوراز نېمە ئۈچۈن سەھەردە قىچقىرىدۇ؟ ............................ 41

خورازنىڭ چىللىغىنى نېمە دېگىنى؟ ............................... 43

خوراز دانلىغاندا نېمە ئۈچۈن ھەممىلا نەرسىنى تاتىلاپ باقىدۇ؟ ............. 45

## توشقان ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


توشقان نېمىشقا سالپاڭ قۇلاق، قىزىل كۆز، يېرىق كالپۇك،كالتە قۇيرۇق بولۇپ قالغان؟... 46

توشقاننىڭ كالپۇكى نېمىشقا پۇچۇق؟ ........................................ 48

كۈچەپ كۈلۈشنىڭ ئاقىۋىتى ........................................ 50

توشقان نېمىشقا مېيىپ بولۇپ قالغان؟ ........................................ 51

توشقان قۇيرۇقى نېمىشقا كالتە؟ ........................................ 53


## قاغا ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


قاغا نېمىشقا قارا بولۇپ قالغان؟ ........................................ 55

قاغىنىڭ رەڭگى ........................................ 56

توغراق بىلەن قاغا نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ؟ ........................................ 58


## ھۆپۈپ ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


ھۆپۈپنىڭ قارغىشقا ئۇچرىشى ........................................ 60

ھۆپۈپ نېمىشقا سېسىق پۇرايدۇ؟ ........................................ 62

ھۆپۈپنىڭ «ھۆپ ... ھۆپا!» دېگىنى نېمە دېگىنى؟ ........................................ 62


## كەپتەر ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


كەپتەرنىڭ پۇتۇلمىشى ........................................ 63

كەپتەر نېمىشقا توختىماي بۇقۇلدايدۇ؟ ........................................ 64


## پاختەك ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


پاختەككە ئايلانغان بەختىخان ........................................ 65

«پاختەك»نىڭ قىسمىتى ........................................ 67

پاختەك نېمە ئۈچۈن كۆل رەڭ بولۇپ قالغان؟ ........................................ 68

پاختەكنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن كالتە بولۇپ قالغان؟ ........................................ 69

پاختەكنىڭ بويىندا نېمىشقا قارا سىزىق بار؟ ........................................ 71

## شەپەرەڭ ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


شەپەرەڭ نېمە ئۈچۈن كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ؟........................ 73
شەپەرەڭ نېمىشقا يالغۇز ياشايدۇ؟........................................ 75
شەپەرەڭ نېمىشقا كۈندۈزى پىنھان مۆكۈپ تۇرىدۇ؟........................ 76
شەپەرەڭنىڭ نېمە ئۈچۈن تۈك ـ پەيلىرى يوق؟............................. 78


## پاقا ۋە تاشپاقا ھەققىدە قىزىق رىۋايەتلەر


پاقا نېمە ئۈچۈن ھاشاراتلارنى يەيدىغان، سازاڭ يەر بوشتىدىغان بولۇپ قالغان؟.... 80
تاشپاقا نېمە ئۈچۈن قاتتىق قېپىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغان؟......... 82


## ياۋا ئۆردەك، بۆدۈنە، سۇغۇر ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


ياۋا ئۆردەكنىڭ مەيدىسى نېمىشقا سېرىق بولۇپ قالغان؟.................... 83
بۆدۈنىلەر نېمە ئۈچۈن ئوت ـ چۆپلەر ئىچىدە ياشايدۇ؟....................... 84
سۇغۇر ھەققىدە ئەپسانە.................................................. 85


## يىلان، كېلەر ۋە پاتمىچۇق ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


يىلاننىڭ نېمە ئۈچۈن پۇتى يوق؟.......................................... 90
كېلەر قانداق پەيدا بولغان؟................................................ 91
پاتمىچۇقنىڭ قولتۇقى نېمە ئۈچۈن قىزىل بولۇپ قالغان؟...................... 93


## قارلىغاچ، تورغاي، قۇشقاچ، ھەرە، پاشا ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر


قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن ئاچا بولۇپ قالغان؟........................ 95
بوز تورغاينىڭ ئۇۋىسى نېمە ئۈچۈن ئېتىزلىقتا بولۇپ قالغان؟.................. 98
ئاق قۇشقاچ نېمە ئۈچۈن سەكرەپ ماڭىدۇ؟.................................... 100
ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئۆمۈچۈك............................................ 101
پاشا بىلەن دۆلەت قوڭغۇزى................................................ 102

## تۆگىنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن كالتە بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا يىراق بىر تاغنىڭ ئارىسىدا بىر توپ ھايۋانات ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت زىلزىلە بولۇپ، يەرلەر يېرىلىپ، تاغلار بىر - بىرىگە ئۆرۈلگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن قورقۇپ كەتكەن ھايۋانلار بىخەتەر، كەڭ دالاغا قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. تاغلار يېرىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھايۋانلار دالاغا قاراپ چېپىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ تېز يۈگۈرەلەيدىغان، چاققانلىرى ئامان - ئېسەن قېچىپ چىقىپتۇ. بىراق تۆگىنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن ھەم كالانپاي بولغاچقا ئۇ ھەممە ھايۋاننىڭ ئارقىسىدا قېلىپ يېرىلغان تاغلار جۈپلەشكەندە قۇيرۇقى قىسىلىپ ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. ئۆزى بولسا ئارانلا قېچىپ چىقىۋاپتۇ. تۆگىنىڭ قۇيرۇقى شۇنىڭدىن بۇيان كالتە بولۇپ قالغانىكەن.



## تۆگە سۇ ئچۋېتپ نېمە ئۈچۈن پات ـ پات ئەتراپغا قاراپ قويدۇ ؟

بۇرۇنقى زاماندا تۆگنڭ ناهايتى چرايلق هەم ئۇزۇن قۇيرۇقى بار ئكەنمش. ئاتنڭ بولسا كالتە هەم سەت قۇيرۇقى بار ئكەنمش.

كۈنلەرنڭ برىدە ئات بر يەرگە تويغا بارماقچى بولۇپ قاپتۇ. قارىسا قۇيرۇقى كالتە هەم سەت كۆرۈنۈپتۇ. شۇنڭ بلەن تۆگنڭ چرايلق، ئۇزۇن قۇيرۇقنى ئۆتنە ئالماقچى بولۇپ، ئۇنڭ قېشغا كېلپ سوراپتۇ. لېكن تۆگنڭ بەرگۈسى كەلمەي دېلەغۇلدا بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.

ـــ تۆگە ئاكا، ـــ دەپتۇ ئات ئۇنڭغا يېلنپ، ـــ قۇيرۇقۇڭنى پەقەت بر كۈنلا بېرىپ تۇرغن. ئەتە ئەتگەندە، دەل سەن دەريا بويغا سۇ ئچكلى چققاندا ئەكېلپ بېرىمەن. ماڭا ئشەنگن، قۇيرۇقۇڭنى چوقۇم ئەكېلپ بېرىمەن!

تۆگە ئاتنڭ ئاغزى ـ ئاغزغا تەگمەي يېلننشغا قاراپ ئچى ئاغرىپ، ئاخر ئۆزنڭ چرايلق، ئۇزۇن قۇيرۇقنى ئاتقا ئارىيەت بېرىپتۇ. ئات ئۆزنڭ كالتە قۇيرۇقنى تۆگگە بېرىپ رەهمەت ئېيتقاندىن كېين ئالدىراپ ـ تېنەپ تويغا مېڭپتۇ.

ئەتسى تاڭ سەهەردە تۆگە دەريا بويغا سۇ ئچكلى كېلپ ئات كېلپ قالدىمكن، دەپ تۆت ئەتراپغا قاراپتۇ، لېكن ئات كۆرۈنمەپتۇ. يەنە خېلى ئۇزۇن ساقلاپ بېقپتۇ. لېكن ئاتنڭ ئۆزى تۈگۈل قارىسمۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇنڭدىن كېين تۆگە هەر كۈنى ئەتگەندە دەريا بويغا سۇ ئچكلى كېلدىكەن ـ دە، سۇ ئچكەچ ئات كەلدىمكن دەپ ئككى تەرىپگە قارايدىكەن. لېكن ئات شۇ كەتكەنچە زادىلا كەلمەپتۇ. تۆگنڭ چرايلق قۇيرۇقنمۇ قايتۇرۇپ بەرمەپتۇ.



تۆگە هازىرغچە سۇ ئچۋېتپ ئاتنى كەلدىمكن دەپ پات ـ پات ئەتراپغا قاراپ قويارمش.

## ئات نېمە ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان بولۇپ قالغان؟



بۇرۇنقى زاماندا مايمۇن بىلەن تۈلكە ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. تۈلكە دائىم مايمۇنغا يالغان سۆزلەپ ھىيلىگەرلىك قىلىدىكەن. تۈلكىنىڭ ھىيلىگەر، قۇۋ ھەم يالغانچى ئىكەنلىكىنى سەزگەن مايمۇننىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۆچ ئالماقچى بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مايمۇن تاغ باغرىدا ياتقان بىر ئاتنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۆچ ئېلىشنىڭ پۇرسىتى ئەمدى كەلدى دەپ ئويلاپتۇ ۋە دەرھال تۈلكىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— تۈلكە ئاكا، گۆش يەمسەن؟— دەپتۇ.

— يېمەمدىغان مايمۇنجان ئاكا، — دەپتۇ تۈلكە ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپ، — بۈگۈن گۆش تاپالماي ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدىم. قېنى، چاققان بول، گۆش بار يەرگە مېنى باشلاپ بارغىنا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ مايمۇن، — ئاۋۇ تاغ باغرىدا بىر ئات ئۇخلاۋاتىدۇ، مەن سېنى باشلاپ باراي، سېنىڭ قولۇڭدىن خېلى ئىشلار كېلىدۇ. سەن شەپە چىقارماي ئاتنىڭ يېنىغا بارغىن، ئاندىن ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزۈڭنىڭ قۇيرۇقىغا چاتقىن-دە، گۆشنى يەۋەرگىن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دەپتۇ قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن تۈلكە خۇشال بولۇپ ۋە مايمۇننىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا چىگىپ، ئەمدىلا ئۇنى يەي دېيىشىگە ئات سىزىپ قاپتۇ-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ بەدەر قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىيلىگەر تۈلكە تاغۇتاشلارغا ئۇرۇلۇپ جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئات ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

# ئىشلار شۇنداق بولغانىكەن

قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر يايلاقتا ئات، تۆگە، قوي، ئۆچكە، ئېشەك،
قېچىر... قاتارلىق ھايۋانلار ياشايدىكەن. بىر يىلى يايلاقتا بىر توپ بۆرە پەيدا بولۇپ
ھايۋانلارنىڭ بالىلىرىنى تۇتۇپ يەپ ئۇلارغا ئارام بەرمەپتۇ. ئات ھايۋانلارنى يىغىپ :

ــ بالىلىرىمىزنى بۆرىلەر تۇتۇپ يەپ بولغىلى تۇردى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە نەس-
لىمىز قۇرۇپ كېتىدۇ، ھەممىمىز بىرلىشىپ بۆرىلەرنى يايلاقتىن قوغلىۋەتسەك قانداق
دەيسىلەر؟ــ دەپتۇ.

ئاتنىڭ بۇ مەسلىھەتى كۆپچىلىككە خۇشىيېقىپتۇ ھەمدە ئاتنى ئۆزلىرىگە باشلىق
سايلاپتۇ. ئات تۆگىنى بۆرىلەرنى كۆزىتىشكە قالدۇرۇپتۇ. بىراق
تۆگە بۆرىلەرنى كۆزەتمەي يانتاق ـ قومۇشلارنى يەپ
قورساق بېقىپتۇ. قورسىقىغا پاتمىغىننى لوككىلىرىغا يىغىپ-
تۇ، ئاندىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۆرىلەر ھايۋانلارغا تۇ-
يۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ نەچچە ئون قوزا ۋە بىرنەچ-
چە تايچاقنى بوغۇپ تاشلاپتۇ، ئات بارلىق ھاي-
ۋانلار بىلەن بۆرىگە قارشى جەڭ قىپتۇ.
جەڭدە بۆرىلەر يېڭىلگەن بولسىمۇ زىيان
خېلى ئېغىر بوپتۇ. ھايۋانلار تۆگىنى
قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىپتۇ. ئات
كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى قوللاپتۇ ھەم:

ــ سەن تەكلىماكان قۇملۇقىغا
كەت! ئىنسانلار سېنى ئىككى يەردىن
بوغۇزلىغاي...ــ دەپ قارغاپ ئۇنى
تەكلىماكان قۇملۇقىغا پالىۋېتىپتۇ.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ بۆرىلەر
يايلاققا يەنە كەپتۇ. ئات بۆرد-
لەرنى ئوت ئارقىلىق قوغلىۋې-
تىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ



بارلىق قوزا، موزاي، تايچاقلارنى قوي بىلەن ئۆچكىنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا قالدۇرۇپ، باشقا ھايۋانلارنى باشلاپ جاڭگالغا ئوتۇن تەرگىلى مېڭىپتۇ. يولدا كالا باتناپ مېڭىپتۇ، قېچىر ماڭغىلى ئۇنىماي يېتىۋاپتۇ، ئات ئەڭ بۇرۇن بېرىپ ھەممىدىن كۆپ ئوتۇن ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىپ نۇرغۇن تايچاق، موزاينىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قويدىن:

— باشقا قوزا، تايچاقلار قېنى؟— دەپ سوراپتۇ. قوي:

— ئۆچكە تاغقا ئوتلىغىلى چىقىپ كەتتى، بۆرىلەر كېلىپ قوزا، تايچاقلارنى بوغۇپ قاچتى،— دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھايۋانلار ئۆچكىنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ بىر كاچاتتىن ئۇرۇپ ئۇنىمۇ تاغقا پالىۋېتىپتۇ ھەم «ئىلاھىم، كۆتۈڭ مەڭگۈ ئوچۇق تۇرغاي!» دەپ قارغاپتۇ.

ئاندىن ئوتۇنلارنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئوتۇنلارغا ئوت يېقىپ، بۆرىلەرنى يىراققا قوغلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم بوپتۇ.



ھايۋانلار ئاتنى ئۆمۈرلۈك ئامانلىق قوغدىغۇچىلىققا سايلاپ، ئۇنىڭغا «چېپىش چېمپىيونى» مۇكاپاتى بېرىپتۇ، كالىغا مۈڭگۈز، ئېشەككە يوغان چىش، قويغا قېلىن جۇۋا تېرە بېرىپتۇ، قېچىر ھۇرۇنلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن «مەڭگۈ تۇغالمىغاي» دېگەن قارغىشنى ئاپتۇ.

ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ تۆگە ھايۋانلارنىڭ قارغىشنى ئالغاچقا قومۇلۇقتا ياشايدىغان، ھەپتە - ھەپتىلەپ يەپ - ئىچمەيدىغان، ئىككى يەردىن بوغۇزلىنىدىغان، ئۆچكىنىڭ كۆتى دائىم ئوچۇق تۇرىدىغان، قېچىر تۇغالمايدىغان، ئات ھايۋانلارنىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىسى بولغاچقا ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

## ئاتقا نېمە ئۈچۈن ئېگەر توقۇلىدىغان بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز ئاتنىڭ ئۈستىگە ھېچ نەرسە قويماي، يايداقلا
مىنەتتىكەن. شۇ سەۋەبلىك ئۇزاق سەپەرگە چىققان، ئۇزاق مۇددەت جەڭ مەيدانىدا
يۈرگەنلەرنىڭ تېقىمى يارا بولۇپ كېتەتتىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئەلگە ياۋ قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ. جەڭ ناھايىتى
شىددەتلىك ھەم ئۇزاق داۋام قىلىپتۇ. بۇ شەھەردىكى ھەممە ئەرلەر، يىگىتلەر دېگۈدەك
جەڭگە ئىشتىراك قىپتۇ. ئەنە شۇنداق يىگىتلەردىن بىرىنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ ئات ئۈس-
تىدە ئۇزاق تۇرۇپ، تېقىمىنىڭ يارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئوغلى جەڭگە مېڭىش
ئالدىدا تۇيۇقسىز ئۆزى يۇغۇرۇپ تۇرغان بۇغداي خېمىرىنى ئازراق ياپىلاق قىلىپلا
ئاتنىڭ ئۈستىگە سېلىپ بېرىپتۇ. يىگىت يەنە جەڭگە كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئەمما خېمىر بول-
غاچقا، ئۇنىڭ تېقىمى ئاغرىماپتۇ. جەڭدىن كېيىن قارىسا، خېمىر قۇرۇپ، قېتىپ ئاتنىڭ
ئۈستىگە مەھكەم ئورنىشىپ قالغانىكەن.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئاشۇ خېمىرنىڭ شەكلىدە ئاتقا ئېگەر ياساش-
نى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاتلارنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل زىننەتلىك ئېگەرلەر تو-
قۇلۇپ، مىنىلىدىغان بولغانىكەن.



# ئېشەك ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

## ئېشەك نېمىشقا كۆلدە ئېغنايدۇ؟

قەدىمكى زاماندا ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئىچىدە غوجايىنلىق قىلىش ئۈچۈن تالاش - تارتىشلار بوپتۇ. ھەممىسى ئۆزىنى ماختاپ، ئۆزىنى غوجايىنلىققا سايلاپتۇ. ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئېيتىپ چىقىپتۇ. تۆگە:

— مەن سىلەرگە غوجايىن بولىمەن، چۈنكى ئادەملەر مېنى ئەڭ ئېغىر يوللارغا سالىدۇ ۋە نۇرغۇن يۈك ئارتىدۇ. سۇسىز قۇملۇق چۆللەردە ئۇسسىماي، ئىسسىماي كېتىۋېرىمەن. يۇڭۇمدىن ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى توقۇپ، گۆشۈمنى يەيدۇ، — دەپتۇ. ئات:

— ياق، مەن بولۇشۇم كېرەك. مېنى مىنىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئوۋلارغا چىقىدۇ، بەيگىلەردە بولىدۇ، ئۇرۇشلارغا كىرىدۇ، يىراق يوللارغا چىقىدۇ، يۈكلەرنى توشۇيدۇ، ھارۋىغا قاتىدۇ، گۆشۈمنى يەيدۇ، مېنىڭ خىزمىتىم ھەممىڭلارنىڭكىدىن نۇرغۇن، — دەپتۇ كالا:

— مېنىڭ سۈتۈمنى ئىچىدۇ، گۆشۈمنى يەيدۇ، تېرەمدىن تاسمىلارنى ياسايدۇ. مەن بولىمەن، — دېسە، ئېشەك:

— مېنىچۇ؟ مېنى مىنىدۇ، ھارۋىلارغا قاتىدۇ، كۆپ ئىشلىتىپ، سىلەردىن ئاشقان چۆپلەرنى بېرىدۇ، ئۆيدە ئىشلىتىشكە مەن قولايلىق. غوجايىنىڭلار مەن، — دەپتۇ.

قوي دەپتۇ:

— گۆشۈم ھەممىڭلارنىڭكىدىن ياخشى، يۇڭۇمنى ئېسىل نەرسىلەرگە ئىشلىتىدۇ، مەن غوجايىن.

ئىت دەپتۇ:

— ئادەملەر مېنى ياخشى كۆرىدۇ. مېنىڭ بىلەن ئوۋلارغا چىقىدۇ، ئاتالمىغان نەرسىلەرنى قوغلاپ تۇتىمەن، ئۆز بىلەن ياتنى ئاجرىتىمەن، ئوغرىلار مېنىڭدىن قورقىدۇ. مېنىڭ ئادەملەرگە ياردىمىم كۆپ. ئۆزلىرىدىن ئاشقان تاماقنى ماڭا بېرىدۇ، ھەممىڭلاردىن سەزگۈرمەن. كېچە - كۈندۈز كۆزەتتە تۇرىمەن. ماڭا بېقىنىسىلەر.



مۇشۇك دەپتۇ:

— مەن بولىمەن، چۈنكى ئادەملەرنىڭ يامان دۈشمىنى بولغان چاشقانلارنى يوقىتىمەن.

چاشقان:

— ئادەملەر تەييار قىلغانلارنى يەيمەن. بۇغدايلارنى ئوغرىلاپ، ئۇنلارنى يەيمەن، چىشىم ئۆتىدىغان ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى بىردەمدىلا يوق قىلىمەن. ئادەملەر مېنىڭدىن قورقىدۇ. تەييارنى يېگەندىكىن، مەن غوجايىنىڭلار،— دەپ تالىشىپتۇ.

ئۇلار تالىشىپ - تالىشىپ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنى ماختاپ، بىر - بىرىنىڭ سۆزىگە كىرمەي ئۈچ كېچە، ئۈچ كۈندۈز تالىشىپ، تۆتىنچى كۈنى كەچ كىرىپتۇ. ئاخىر چاشقان:

— ئەتىگەنلىككە كىم كۈننىڭ چىقىشىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرسە، شۇ غوجايىن بولسۇن،— دەپتۇ. بۇنىڭغا ھەممىسى رازى بولۇپ، تىزىلىپ، كۈننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

يېرىم كېچىدىن كېيىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. ئۇخلىمىغان ئېشەك، ئىت، چاشقانلا ئىكەن. تاڭ سۈزۈلگەندە ئىت ئۇخلاپتۇ. كۈننىڭ قىزىل شولىلىرى

كۆرۈنگەندە ئېشەك مۆگدەپ، سېرىق شولىلار كۆرۈنگەچە ئۇخلاپ كېتىپتۇ. چاشقان تۆۋەندە تۇرۇپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، ئېشەكنىڭ قۇلىقىنىڭ ئۇچىغا چىقىۋېلىپ، كۈن چىقىدىغان ۋاقىتتا خۇشال بولۇپ، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئېشەك ئويغىنىپ كېتىپ، بېشىنى بىر سىلكىگەنىكەن، چاشقان دومىلاپ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئېشەك ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ قوغلاپتۇ. چاشقان قېچىپ بېرىپ كۆل تۆكۈلگەن يەردىكى بىر تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. ئېشەك ئۈستىدىن ئېغناپتۇ. ئۇ ۋاقىتچە كۈن چىقىپ كېتىپ، كۈننىڭ ئىسسىقىدىن باشقىلار بىر - بىرلەپ ئويغىنىشقا باشلاپتۇ. شۇ كۈندىن بېرى ئېشەك كۈلنى كۆرسە، چاشقان بار دەپ كۈلدە ئېغنايدىغان بولۇۋاپتۇ.

## ئېشەك نېمە ئۈچۈن ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن ئۆتكىلى ئۇنىماي تىرەجەپ تۇرۇۋالىدۇ؟

بۇرۇنقى زاماندا ئېشەك تۆگە بىلەن يېقىن دوست بولغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېشەك تۆگىگە: «باغقا كىرىپ مېۋە - چېۋە يېگەچ تاماشا قىلىپ چىقايلى» دەپتۇ. تۆگە ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار بىر باغقا ئوغرىلىقچە كىرىپتۇ. تۆگىنىڭ بويى ئېگىز بولغاچقا شاخلارنىڭ ئۇچىدىكى پىشقان مېۋىلەرنى تاللاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. ئېشەكنىڭ بويى پاكار بولغاچقا پەس شاخلاردىكى خام - خاتىلا مېۋىلەرنى يېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇنىڭغا چىدىماي قالغان ئېشەك: «باغقا كىرىش مەسلىھەتىنى مەن بەرگەن تۇرسام، تۆگە ئاداشنىمۇ باغقا مەن باشلاپ كىرگەن تۇرسام. ئەمدى ئۇ مېۋىنىڭ پىشقىنىنى يەۋاتىدۇ. مەن بولسام خېمىنى يەۋاتىمەن، بۇ قانداق بولغىنى؟ بولدى، ئۇنىمۇ يېگۈزمەي، ئەدىپىنى بىر بېرەي» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ-دە، تۆگىگە دەپتۇ:

— تۆگە ئاداش، مېۋىنىمۇ تويغۇدەك يېدۇق، ئەمدى بىردەم ئوينايلى. قانداق دەيسەن؟

— مەيلى، ئوينساق ئوينايلى، — دەپتۇ تۆگە.

— مېنىڭ مۇنداقمۇ ھۈنەرلىرىم بار، كۆرۈپ باق، — دەپتۇ ئېشەك ۋە ئىزىدا تۇرۇپ بىر - ئىككى پىرقىرىغاندىن كېيىن توپىدا ئېغناپتۇ. ئاندىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بىر - ئىككى سىلكىنىۋېتىپ قاتتىق ھاڭراشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۆگە نېمە قىلىشنى بىلمەي قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا باغۋەن يېتىپ كېلىپ ئىككىسىنى تۇتۇۋاپتۇ-دە، ئېغىلغا ئەكىرىپ سولاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى باغۋەن تۆگىنىڭ بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ، ئېغىر يۈكنى ئارتقاندىن كېيىن ئېشەكنى مىنىپ ئۇلارنى تاغقا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئاچلىق ۋە

ھارغىنلىق دەستىدىن ئېشەك ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. ئاخىر باغۋەن ئېشەكنىمۇ تۆگىگە ئارتىپ مېڭىپتۇ. بىچارە تۆگە ھېرىپ ئاران - ئاران قەدەم تاشلاپ مېڭىپتۇ ۋە:

— ھەي ئېشەك ئاداش، ھۇنىرىمنى كۆرسىتىمەن دەپ ھەممە بالانى تېرىدىڭ. ئۇنى ئاز دەپ تېخى ماڭا ئارتىلىۋالدىڭ. ئەمدى ئۈستۈمدىن چۈشكىن. سەل - پەل ئارام ئېلىۋالاي، — دەپتۇ.

ئېشەك چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن تۆگە «خەپ، توختاپتۇر!» دەپ بىر ئۆستەڭنىڭ قېشىغا كەلگەندە بىردىنلا تىزلىرىنى پۈكۈپ يەرگە چۆككەنىكەن، ئېشەك تۆگىنىڭ ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان ئېشەك سۇدىن بەك قورقىدىكەن. ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە كەلگەندە پۇتلىرىنى تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ ئۆتكىلى ئۇنىمايدىكەن.



## ئېشەك مۈڭگۈزىدىن قانداق ئايرىلىپ قالغان؟



بۇرۇنقى زاماندا ئېشەكنىڭمۇ خۇددى كالىنىڭكىدەك قاتتىق، يوغان مۈڭگۈزى بار ئىكەن. ئۇ ئاشۇ بىر جۈپ مۈڭگۈزىگە تايىنىپ ھەممىلا يەردە زوراۋانلىق قىلىدىكەن. بوزەكنى بوزەك ئېتىپ، ئاجىز - ئۇششاقلارغا زادىلا كۈن بەرمەيدىكەن. ئۇ كۆرەڭلەپ، ئۇچرىغاننى ئۈسىدىكەن، يېقىن كەلگەننى تېپىدىكەن، ئىشلىمەي چىشلەيدىكەن.

ئېشەكنىڭ قولۇم - قوشنا، يار - بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ مۇنداق ئۆكتەملىكىگە زادىلا چىداپ تۇرالماي ھايۋانات پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئېشەكنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ھەي شەرمەندە! بېشىڭدىكى بۇ مۈڭگۈزنى ساڭا ئۆزىنى دۈشمەندىن قوغدىسۇن دەپ بەرگەن، ئەمدى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز دوستلىرىڭغا، قولۇم - قوشنا، ئاجىزلارغا كۈن بەرمەيدىغان بولدۇڭمۇ؟ — دەپتۇ ۋە غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى شۇ يەردىلا يۇلۇپ تاشلاپتۇ. ئېشەك مۈڭگۈزىدىن ئەبەدىي ئايرىلىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئېشەك ئادەتتىكى ھايۋانلاردىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. «خۇدايىم بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# كالا ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر

## كالا نېمىشقا سامان يەيدىغان بولۇپ قالغان؟



ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئادەم بىلەن كالا ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. ئۇلار بىر پارچە يەرگە بۇغداي تېرىپتۇ. كۈزلۈكى بۇغداينى يىغىپ، تېپىپ، سورۇپ، چەشلەپ، بۇغدىينى بۇغداي، سامىنىنى سامان قىلىپ ئايرىپتۇ-دە، ئۆزئارا بۆلۈشمەكچى بوپتۇ. دېھقان كالىغا قاراپ:

— قېنى، دوستۇم، بۇغداينى بىر يەرگە، سامىنىنى بىر يەرگە دۆۋىلىدۇق. قايسىسىغا تۇرسەن؟ ئالدى بىلەن سەن تاللا، سەندىن ئاشقىنىنى مەن ئالاي،— دەپتۇ.

كالا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قارىسا، بۇغداي كىچىككىنە تۇرغۇدەك، سامان بولسا ئاسمان ـ پەلەك تۇرغۇدەك. كالا ئۆزۈممۇ چوڭ، قورسىقىممۇ يوغان بولغاندىكىن سامانىنى ئالاي، دەپ سامانغا تۇرۇپتۇ. دېھقان بۇغداينى ئاپتۇ ۋە ئۇنى تۈگمەندە تارتىپ، ئۇن قىلىپ مەززىلىك غىزالارنى ئېتىپ بىيىشكە باشلاپتۇ. كالا بولسا كېچە ـ كۈندۈز ساماندىن ئىبارەت بىر خىللا نەرسىنى يەيدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كالا ھەر قېتىم سامان كەلسە، ئۆزىنىڭ دۆتلۈكىگە پۇشايمان قىلىپ پۇشۇلدايدىكەن.

# كالىنىڭ سېسىق سۇ ئىچىشى



ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى يىراق بىر ماكاندا سۈيى سۈزۈك، ئوت - چۆپى مول، كەڭرى بىر گۈزەل يايلاق بولۇپ، ھايۋانلار بۇ جايدا تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

گۈزەل ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ھايۋانلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئىقتىدارلىرىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپتۇ ھەم يايلاقنى بەش قولدەك پىششىق بىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەزەلدىن خالىس مىرابلىق قىلىپ كېلىۋاتقان سۇغۇرنى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا بەلگىلەپتۇ.

سەھەر قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ يۈگۈرۈكلۈكى ۋە كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان كالا مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ ۋە ئالدىدىكىلەرنى مۈڭگۈزى بىلەن ئىلىپ يىقى-

تىپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئالدىغا ئۆتۈۋالغان كالا باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن خېلى ئارقىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ، قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ ھۆركىرەپ، يەرنى تىلغاپ، ئارقىدا كېلىۋاتقانلارغا تويا سورۇپ يۈگۈرۈپ، كۈن چۈش بولغاندا ئاخىرقى نۇقتىغا بىرىنچى بولۇپ يېتىپتۇ ۋە سۇغۇر مىرابنى مەنسىتمىگەن ھالدا ھۆركىرەپ تۇرۇپ: «ھەي سۇغۇر، سۈزۈك سۇ قەيەردە؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ گەپنى «ھەي سۇغۇر، سېسىق سۇ قەيەردە؟» دەپ ئاڭلاپ قالغان سۇغۇر كالىنى بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ياغقان يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان بىر كۆلچەككە باشلاپتۇ. كۆلچەكتىكى سۇ سېسىپ كەتكەنىكەن. يېرىم كۈن يۈگۈرۈپ ئۇسساپ كەتكەن كالا تۇمشۇقىنى بىر پاتۇرغىنىچە ئاچ بىقىنلىرى كېرىلگۈدەك ئىچىپتۇ. كالىنىڭ كەينىدىن ئىككىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگەن ئات ئۆزىنىڭ مۇلايىم، كىچىك پېئىل تەبىئىتى بويىچە «ھەي سۇغۇر تاتلىق، سۇ قەيەردە؟» دەپ سوراپتۇ. ئاتنىڭ سۆزىنى «ھەي سۇغۇر، تاتلىق سۇ قەيەردە؟» دەپ ئاڭلىغان سۇغۇر ئاتنى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىگە باشلاپ بېرىپ، خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاتنىڭ سۇنىڭ سۈزۈكىنى تاللاپ ئىچىدىغان ئادىتى شۇنىڭدىن قالغانىكەن. كالا بولسا سېسىق سۇ بولسىمۇ ئىچىۋېرىدىغان ئادەتنى «دوست» تۇتقانلىقتىن، ئۆپكىسى، نەپەس يوللىرى ۋە تۇمشۇقى شۇنىڭدىن باشلاپ سېسىق پۇرايدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

## كالا بىلەن غاز

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى خىلۋەت بىر يايلاقتا نۇرغۇن ھايۋانلار ياشايدىكەن. بۇ ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا كۆزى ھازىرقى غازنىڭ كۆزىدەك كىچىك، ئەمما تېنى ناھايىتى يوغان كالا دېگەن بىر ھايۋان ياشايدىكەن. ئۇنىڭ كۆزى بەكلا كىچىك بولغاچقا، ئۇ ھەرقانداق ھايۋاندىن قورقمايدىكەن.

كالا مەيلى قانداق چاغدا بولسۇن، يايلاقتا خالىغانچە كېلىپ بەھۇزۇر ئوتلاپ كېتىدىكەن، بەزىدە يايلاقتىكى بارلىق ھايۋانلارنى قوغلىۋېتىپ ئۆزى يالغۇز ئوتلايدىكەن. يايلاقتا يەنە غاز دېگەن بىر قۇش بار ئىكەن. ئۇ غازلار ھازىرقى غازلارغا ئوخشىسىمۇ،



لېكىن ئۇنىڭ كۆزى هازىرقى كالىنىڭ كۆزىدەك يوغان بولۇپ، يايلاقتىكى بارلىق هايۋانلار ئۇنىڭ كۆزىگە يوغان كۆرۈنۈپ، ئادەتتىكى كىچىك هايۋانلاردىنمۇ قورقۇپ يۈرىدىكەن. ئەگەر ئالدىغا كالا ئۇچراپ قالسا كۆزىگە غايەت زور كۆرۈنىدىكەن. كالىغا غاز بەكمۇ كىچىك كۆرۈنۈپ كېتىپ ئۇنى پەقەت كۆزگە ئىلمايدىكەن، شۇڭا غازلار كالىدىن ئاجايىپ قورقىدىكەن.

غازلار مانا شۇ سەۋەبتىن خۇدادىن كېچە ـ كۈندۈز بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئارامخۇدا ئوتلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشنى تىلەيدىكەن. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، بىر كۈنى غازنىڭ تەلىپى ئىجابەت بولۇپ، غازنىڭ كۆزى بىلەن كالىنىڭ كۆزى ئالماشتۇرۇلۇپ قويۇلۇپتۇ. غازنىڭ كۆزى ئەمدى كىچىك بولغانلىقتىن، يايلاقتا هايۋانلار ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىك كۆرۈنىدىغان، هېچنېمىدىن قورقمايدىغان بوپتۇ. كالىنىڭ كۆزى بولسا چوڭ بولۇپ قالغاچقا، كۆزىگە هەرقانداق هايۋان بەكلا يوغان، هەتتا غازمۇ يوغان كۆرۈنۈپ كېتىپ، غازدىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن غازلار ئەركىن ـ ئازادە ئوتلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا، غاز گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئاسانلىقچە بىرەر نەرسىدىن قورقمايدىكەن.

# ئىت ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

## ئىت قانداق قىلىپ ئادەملەر بىلەن بىللە ياشايدىغان بولۇپ قالغان ؟

بۇرۇنقى زاماندا ئورمانلىقتا تەنھا ياشايدىغان بىر ئىت بار ئىكەن. ئۇ يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ ئۆزىگە بىر ھەمراھ تېپىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. بىر يەردە كېتىپ بارسا ئۇ- نىڭغا بىر ياۋا توشقان ئۇچراپتۇ. ئىت ئۇنىڭغا:

— ئەي ياۋا توشقان، سەنمۇ يالغۇز ئىكەنسەن، مەنمۇ يالغۇز ئىكەنمەن. ئىككىمىز دوست بولۇپ بىللە ياشايلى،— دەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ ياۋا توشقان.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىللە كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. كۈندۈزى ئۇلار بىللە ئوۋ ئوۋلايدىكەن، ئاخشىمى بىللە ئۇخلايدىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ئىت قاۋاپ قويغانى- كەن، توشقان قورقۇپ كېتىپ:

— دوستۇم، قاۋىمىساڭچۇ، بولمىسا بۆرە ئاڭلاپ قېلىپ، بىزنى يەپ كەتمىسۇن يە- نە، — دەپتۇ.

«توشقان قورقۇنچاقكەن» دەپتۇ ئىت ئۆز - ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تەنھا ياشاپتۇ.

ئاندىن ئىتقا بىر بۆرە ئۇچراپتۇ. ئىت ئۇنىڭغا:

— ئەي بۆرە، سەنمۇ يالغۇز ئىكەنسەن، مەنمۇ يالغۇز ئىكەنمەن. ئىككىمىز دوست بولۇپ بىللە ياشايلى، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ بۆرە.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىللە كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. كۈندۈزى بىللە ئوۋ ئوۋلايدىكەن، ئاخشىمى بىللە ئۇخلايدىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ئىت قاۋاپ قويغانىكەن. بۆرە قورقۇپ كېتىپ:

— دوستۇم، قاۋىمىساڭچۇ، بولمىسا ئېيىق ئاڭلاپ قېلىپ، بىزنى يەپ كەتمىسۇن يەنە، — دەپتۇ.

«بۆرىمۇ قورقۇنچاقكەن» دەپتۇ ئىت ئۆز - ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تەنھا ياشاپتۇ.

يەنە بىر كۈنى بىر ئېيىق ئۇچراپتۇ. ئىت ئۇنىڭغا:

— ئەي ئېيىق، سەنمۇ يالغۇز ئىكەنسەن، مەنمۇ يالغۇز ئىكەنمەن، ئىككىمىز دوست بولۇپ بىللە ياشايلى، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئېيىق.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىللە كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. كۈندۈزى بىللە ئوۋ ئوۋلايدىكەن، ئاخشىمى بىللە ئۇخلايدىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ئىت قاۋاپ قويغانكەن، ئېيىق قورقۇپ كېتىپ:

— دوستۇم، قاۋىمساڭچۇ، بولمىسا ئادەملەر ئاڭلاپ قېلىپ، بىزنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ جېنىمىزنى ئالمىسۇن يەنە، — دەپتۇ.

«ئېيىقمۇ قورقۇنچاقكەن» دەپتۇ ئىت ئۆز - ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ تەنها ياشاشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىت بىر يەردە كېتىپ بارسا ئۇنىڭغا بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئىت ئۇنىڭغا:

— ئەي ئادەم، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇپ بىللە ياشايلى، — دەپتۇ.

— بولىدۇ بۇرادەر، — دەپتۇ ئادەم.

شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئىككىسى بىللە كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. كۈندۈزى بىللە ئوۋ ئوۋلايدىكەن، ئاخشىمى بىللە ئۇخلايدىكەن. بىر كۈنى كېچسى ئىت قاۋاپ قويغانىكەن، ئادەم ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ:

— يارايسەن بۇرادەر، تېخىمۇ بەكرەك قاۋا. بۆرە، ئېيىقلار كېلىپ قالسا، قورقىنىدىن بەدەر قاچسۇن، — دەپتۇ.

«مانا، ئادەملەر باتۇر ئىكەن!» دەپتۇ ئىت خۇشال بولۇپ ئۆز - ئۆزىگە ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋېتىپتۇ.



## ئىت نېمە ئۈچۈن توشقاننى كۆرگەن ھامان قوغلايدۇ؟



بۇرۇن ئىت بىلەن توشقان يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. توشقان كىچىك بولغىنى بىلەن ئايىغى ناھايىتى ئېغىر، يوغان ھەم قوپال ئىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىتنىڭ ئايىغى بولسا ناھايىتى يېنىك ھەم چىرايلىق ئىكەن. توشقان دائىم: «ئىتنىڭ ئايىغى مېنىڭ بولۇپ قالغان بولسا توغرا ئىش بولاتتى» دەپ ھەسرەتلىنىدىكەن ۋە قانداق قىلىپ دوستى ئىتنىڭ ئايىغىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش كويىدا باش قاتۇرۇپ يۈرىدىكەن.

ئاخىر بىر كۈنى ھېچ ئامال قىلالماي دوستى ئىتقا:

— ئىت ئاكا، مېنىڭ ماۋۇ ئايىغىم ناھايىتى مەزمۇت ھەم پۇختا. بىراق پۇتۇمغا سەل يوغان كېلىپ قالدى. سېنىڭ ئايىغىڭ مېنىڭ پۇتۇمغا تازا باب كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئىككىمىز ئايىغىمىزنى تېگىشسەك قانداق؟— دەپتۇ.

ئىت بىردەم ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن:

— بولىدۇ. سېنىڭ ئايىغىڭنى مەن بىر - ئىككى كۈن كىيىپ سىناپ باقاي، سەنمۇ مېنىڭ ئايىغىمنى كىيىپ كۆرۈپ باققىن. ئاندىن تېگىشىش ياكى تېگىشمەسلىك توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشەيلى، — دەپتۇ.

— شۇنداق بولسۇن، — دەپتۇ توشقانمۇ خۇشال بولۇپ، — مەن ھەرگىزمۇ ئايىغىمنى ساڭا تاڭمايمەن، دىتىڭغا ياقمىسا قايتۇرۇپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ توشقان ئۆز ئايىغىنى ئىتقا بېرىپ، ئىتنىڭ چىرايلىق يېنىك ئايىغىنى كىيىۋاپتۇ-دە: «قېنى، بىر يۈگۈرۈپ باقاي» دەپ بىرلا يۈگۈرۈپ كۆزدىن يوقىلىپتۇ. ئىت توشقاننىڭ ئايىغىنى كىيىپ تۈزۈك قاملىشالماپتۇ. توشقاندىن ئايىغىمنى قايتۇرىۋالىمەن دەپ توشقاننى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ، لېكىن ئۇنى ئۇچرىتالماپتۇ. بەزىدە ئىت ئۇشتۇمتۇتلا توشقاننى كۆرۈپ قالىدىكەن-دە، شۇ ھامان ئۇنى قوغلاپ كېتىدىكەن. بىچارە ئىت تا مۇشۇ كۈنگىچە توشقاندىن ئايىغىنى قايتۇرىۋالالماپتۇ. شۇڭا ئىت توشقاننى نەدە كۆرسە ھېچنېمىگە قارىماي قوغلايدىكەن.



# ئىت بىر ـ بىرىنى كۆرگەندە نېمىشقا چىشىنى ھىڭگايتىدۇ؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر باينىڭ بىر ئىتى ۋە بىر مۈشۈكى بار ئىكەن. ئىت قېرى، مۈشۈكى ياش ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي ئىت بىلەن مۈشۈككە ئىش تاپشۇرۇپتۇ:

— ئىككىڭلار قوشنا يېزىدىكى قىزىمغا ماۋۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاپىرىپ بېرىپ كېلىسلەر، مۈشۈك، سەن ئۈزۈكنى ئېلىپ ماڭ. ئىت ساڭا يول باشلاپ ماڭسۇن. ئېھتىيات قىلاڭلار، ئۈزۈكنى يوقىتىپ قويماڭلار!

ئۇلار يولغا راۋان بولۇپتۇ. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ. دەريادا كۆۋرۈك يوق ئىكەن، ئۇلار ئىلاجسىز دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بولۇپتۇ. مۈشۈكنىڭ سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئەمەسلىكىنى بىلگەن ئىت ئۈزۈكتىن ئەنسىرەپتۇ ـ دە:

— ھەي مۈشۈك، سۇدىن ئۆتكۈچە ئۈزۈكنى ماڭا بەرگىن. سەن يوقىتىپ قويىسەن، — دەپتۇ.

— ياق! — دەپتۇ مۈشۈك، — خوجايىن «ئۈزۈكنى سەن ئېلىپ ماڭ» دېگەن. ساڭا بەرمەيمەن!

— مەن سەندىن پۇختىراق. سۇدىن ئۆتكۈچە ئۈزۈكنى مەن ئاغزىمغا سېلىۋالاي. ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ ئىت.

مۈشۈك ئاخىر ئۈزۈكنى ئىتقا بېرىپتۇ. ئۇلار سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بارغاندا ئىت:

— ۋاي، ئۈزۈك ئاغزىمدىن سۇغا چۈشۈپ كەتتى! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ مۈشۈك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— مەن ئىزدەپ باقاي، — دەپتۇ ئىت. لېكىن قانچە ئىزدىگەن بىلەنمۇ تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئەھۋالنى خوجايىنغا ئېيتىش ئۈچۈن قايتىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە ئىت خوجايىننىڭ ئۇرۇشىدىن قورقۇپ ئورمانلىققا قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ.

مۈشۈكنىڭ يالغۇز ۋە شۇنچە تېز كەلگەنلىكىنى كۆرگەن خوجايىن ئەنسىرىگەن ھالدا:

— ئىت قېنى؟ — دەپتۇ.

— ئۈزۈكنى يوقىتىپ قويۇپ قېچىپ كەتتى، — دەپتۇ مۈشۈك ۋە بولغان ئەھۋالنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

غەزەپلەنگەن باي ئىتنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇپ، يېزىدىكى بارلىق ئىتلارنى يىغىپتۇ-دە، ئۇلارغا نەدىن بولمىسۇن ھېلىقى ئىتنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

— ئۇنىڭ ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى يوق. چىشىغا قاراپ ئوڭايلا بىلىۋالىسىلەر، — دەپتۇ باي.

شۇنداق قىلىپ ئىتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ چىقىپ كېتىشىپتۇ. بارمىغان شەھەر - يېزا، چىقمىغان دۆڭ، چۈشمىگەن ئوي قالماپتۇ، لېكىن ئۇ ئىت ھېچ يەردىن تېپىلماپتۇ. تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىزدىشىۋاتقۇدەك، زادىلا تاپالمايۋاتقۇدەك. شۇڭا ھازىرمۇ ئىتلار بىر - بىرىگە يولۇقۇپ قالغان ھامان: «باينىڭ ئۆزۈكىنى يوقاتقان ئىت مەن ئەمەس، ئىشەنمىسەڭ قاراپ باق، مېنىڭ چىشلىرىم ساق» دەپ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشىدىكەن.



# ئېيىق، بۆرە، تۈلكە ۋە مايمۇن ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر

## ئېيىقنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن قىسقا بولۇپ قالغان؟



بۇرۇنقى زاماندا ئېيىقنىڭ قۇيرۇقى ناھايىتى چىرايلىق ھەم ئۇزۇن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا ئاپتاپ سىنىپ ياتسا، يوغان بىر بېلىقنى ئاغزىغا چىشلىۋالغان بىر تۈلكە دەريا تەرەپتىن كەپتۇ.

— تۈلكە بۇرادەر، بېلىقنى نەدىن تاپتىڭ؟— دەپ سوراپتۇ ئېيىق.

— دەريادىن تۇتتۇم، — دەپتۇ تۈلكە يالغان ئېيتىپ، ئەسلىدە ئۇ بېلىقچىنىڭ سېۋىتىدىن ئوغرىلىغانىكەن.

— تور سالماي قانداق تۇتتۇڭ؟— دەپتۇ ئېيىق تېخىمۇ قىزىقىپ.

— ساڭا ئوخشاش ئەخمەقمىدىم. ئامالىڭ بولسا بېلىق ئەمەس، ئۇنىڭدىن چوڭ نەرسىلەرنىمۇ تۇتالايسەن، — دەپتۇ تۈلكە تېخىمۇ كۆرەڭلەپ ۋە ھېجىيىپ قويغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ، — ھازىر دەريادا مۇز تۇتتى، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش كاچكۇلغا قۇيرۇقۇڭنى تىقىپ ئۇزاق ئولتۇرساڭ بېلىقلار كېلىپ قۇيرۇقۇڭغا ئېسىلىدۇ. قۇيرۇقۇڭنى چاققانلىق بىلەن بىرلا تارتساڭ بېلىق دېگەننى خالىغانچە تۇتۇۋېرىسەن ئەمەسمۇ!

تۈلكە يالغان گەپنى كېلىشتۈرۈپ قىلىپ كېتىپ قاپتۇ. ئېيىق: «ئۇ قىلغان ئىشنى مەن قىلالمامدىمەن، مېنىڭ قۇيرۇقۇم ئۇنىڭكىدىن ئۇزۇن تۇرسا» دەپ ئويلاپ دەرھال

دەرياغا بېرىپتۇ ۋە كاچكۇلغا قۇيرۇقىنى تىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. خېلىدىن كېيىن ئۇ قۇيرۇقىنى ئاستا تارتىپ باققانىكەن، تارتالماپتۇ. قۇيرۇقىنىڭ كاچكۇل ئىچىدە توڭلاپ قالغانلىقىنى بىلمەي «قۇيرۇقۇمغا بېلىقنىڭ يوغىنى ئېسىلىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان ئېيىق كۈچىنىپ بىرلا تارتقانىكەن، قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئېيىق تۈلكىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قۇيرۇقىدىن ئايرىلىپ قالغانىكەن.



## بۆرىنىڭ دۈمبىسى نېمە ئۈچۈن ئالتاغىل بولۇپ قالغان؟

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆرە بىلەن توشقان بىللە بېلىق تۇتۇپتۇ. بېلىقنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن بۆرە توشقانغا:

— ئەمدى ئىككىمىز بۇ بېلىقلارنى سۆرەيلى، بىراق ھەرقايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا سۆرەيلى، سەن مۇشۇ يەردە قالغىن، مەن دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كېتەي، — دەپتۇ.



بۆرە ئۆزىگە تېگىشلىكنى ئېلىپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى سۆرلەپتۇ.

كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن بۆرە دەريانىڭ ئۇ قېتىدا تۇرۇپ:

— ھەي توشقان، كېچىسى ئۇخلاپ قالماي سەگەكرەك يات جۇمۇ! ئەگەر ئۇخلاپ قالساڭ بېلىقلىرىڭنى ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ، — دەپ ۋارقىراپ قويۇپتۇ.

توشقان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسقا سېپتۇ ۋە كېرەك بولۇپ قالار دەپ ئالغاچ كەلگەن تۆمۈر ئارىنى قوغاسقا تىقىپ قويۇپ، بەخىرامان ئۇخلىماقچى بولۇپ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ.

يېرىم كېچىدە بۆرە يەنە توشقاننى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. بىر قېتىم ۋارقىراپتۇ، ئىككى قېتىم ۋارقىراپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم يەنە ۋارقىراپتۇ. توشقان تېخى ئۇخلىمىغان بولسىمۇ ئۈندىمەي جىم يېتىپتۇ. بۆرە «توشقان تازا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ» دەپ ئويلاپ، دەريادىن ئاستا ئۆتۈپتۇ-دە، توشقاننىڭ بېلىقلىرى دۆۋىلەنگەن يەرگە كەپتۇ ۋە بېلىقلارنى ھەززە قىلىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. توشقان سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قوغاسنىڭ ئىچىدە قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن تۆمۈر ئارىنى ئاپتۇ-دە، ئوغرىنىڭ دۈمبىسىگە بىرنەچچىنى ئۇرۇپتۇ. بۆرە غىڭ قىلالماي غىپپىدە دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن توشقانغا يەنە ۋارقىراپتۇ:

— ھەي توشقان، سەن تەرەپكە ئوغرى كەلدىمۇ؟

— كەلدى، — دەپتۇ توشقان، — بىراق مەن ئۇنىڭ تازا ئەدىپىنى بەردىم.

— ناھايىتى ئوبدان قىپسەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ بۆرە، — دەريانىڭ ئۇ قېتىدا تۇرۇپ ئوغرىنى دۈمبالاۋاتقانلىقىڭنى مەنمۇ ئاڭلىدىم. ئېيتقىنا، سەن ئۇنى نېمە بىلەن ئۇرغانىدىڭ؟

— قوغاستا قىزىتىلغان تۆمۈر ئارىنىڭ بېشى بىلەن ئۇرغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ توشقان.

شۇنىڭدىن تارتىپ بۆرىنىڭ دۈمبىسى ئالتاغىل بولۇپ قالغانىكەن. بۇ ئاشۇ قوغاستا قىزىتىلغان تۆمۈر ئارىنىڭ ئىزى ئىكەن.

## تۆلكە قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى نېمە ئۈچۈن ئاق بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان ئايال قويلىرىنى باقىدىغان پادىچى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا ئېيىق، بۆرە ۋە باشقىمۇ هايۋانلار ئۇچراپتۇ. هەممىسى مېنى پادىچى قىلىۋېلىڭ دەپتۇ، بىراق ئۇ ئايال ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى سەت، قوپال ئىكەن دەپ ياراتماپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭغا بىر تۆلكە ئۇچراپتۇ.

— نەگە ماڭدىڭىز يەڭگە؟— دەپ سوراپتۇ تۆلكە ئەدەپ بىلەن.

— نەگە ماڭاتتىم تۆلكىۋاي، — دەپتۇ ئايال غەمكىن هالدا، — ماللىرىمغا قارايدىغان پادىچى ئىزدەپ يۈرىمەن.

— مېنى پادىچى قىلىۋالسىڭىز بولامدۇ؟ مەن ماللىرىڭىزغا ناهايىتى ئوبدان قارايمەن، — دەپتۇ تۆلكە.

— بوپتۇ، پادىچى قىلىۋالسام قىلىۋالاي، بىراق سەن مال چاقىرىشنى بىلەمسەن؟— دەپتۇ ئايال.

— بىلمەمدىغان، قېنى ۋارقىراپ باقاي، ئاڭلاپ بېقىڭ،— دەپتۇ تۆلكە مۇغەمبەرلىك بىلەن ۋە «هۇشت - هۇشت - هۇشت» قىلىپ ۋارقىراپ قويۇپتۇ.

— بولىدىكەنسەن، بولىدىكەنسەن، — دەپتۇ ئايال ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، — ئاۋازىڭ يارايدىكەن. چىرايلىق ۋارقىرايدىكەنسەن.

شۇنداق قىلىپ تۆلكە ئۇ ئايالغا پادىچى بولۇپ، ئۇنىڭ ماللىرىنى بېقىشقا باشلاپتۇ.

هىيلىگەر تۆلكە ماللارنى ئوتلاققا هەيدەپ چىقىپ، بىرىنچى كۈنىلا ئۆچكىلەرنىڭ هەممىسىنى يەۋېتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى قويلارنى يەۋېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى سىيىرلارنى يەۋېتىپتۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى تۆلكە ئۆيگە ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەپتۇ. ئايال هەيران بولۇپ:

— ماللار يوققۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— مالنىڭ بېشى ئېرىقنىڭ ئىچىدە، قۇيرۇقى ئوتلاقتا كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ تۆلكە.

سۈتتىن قايماق ئايرىۋاتقان ئايال تۆلكىنىڭ بۇ غەلىتە جاۋابىدىن هېچنېمىنى چۈشەنمەي قاراپ باقماقچى بولۇپ سىرتقا مېڭىپتۇ.

«ئايال سىرتقا چىقىپ كەتسە جاۋۇردىكى قايماقنى يەۋالسام» دېگەن يامان نىيەتنى



كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرغان مۇغەمبەر تۈلكە ئايال سىرتقا مېڭىشىغىلا دەرھال كېلىپ جاۋۇرغا بېشىنى تىقىپتۇ-دە، قايماقنى پاك - پاكىز يەۋېتىپ، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك تۇرۇۋاپتۇ.

ئايال ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، تۈلكىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قولىدىكى چۆمۈچ بىلەن تۈلكىنى ئۇرماقچى بولۇپ قوغلاپتۇ. ئۇ تۈلكىگە يېتىشەلمىگەندىن كېيىن قولىدىكى چۆمۈچنى ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. قايماق يۇقى چۆمۈچ ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا تېگىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى ئاق بولۇپ قالغانىكەن.



## مايمۇننىڭ ساغرىسى نېمە ئۈچۈن قىزىل بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر مايمۇن بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى كەپسىز ئىكەن. ئەتىدىن
كەچكىچە تىنىم تاپماي سەكرەيدىكەن. دەرەختىن - دەرەخكە يامىشىدىكەن، چىرقىراي-
دىكەن. مېۋىلەرنى بىكاردىن - بىكار قېقىۋېتىدىكەن. كۆرۈنگەنلا ئۇششاق، ئاجىز هاي-
ۋانلارغا تاش ئېتىپ بوزەك قىلىدىكەن. باشقىلارنىڭ ياخشى مەسلىھەت - نەسىھەتلىرىنى
زادىلا ئاڭلىمايدىكەن. ئۆزىنىڭ دېگىنىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالىدىكەن.
بىر كۈنى مايمۇن بىر قارىغايغا چىقىۋېلىپ شاخلارنى يىرىپ كەپسىزلىك قىلغىلى تۇ-
رۇپتۇ. ئورمانچى بوۋاي كېلىپ:
— ھەي مايمۇن، ئۇ يەردىن چۈشۈپ كەت، قارىغاي يېلىمى ساغرائىغا چاپلىشىۋالسا
چاتاق بولىدۇ، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.
— سېنىڭ نېمە كارىڭ! شۇ دېگىنىڭ ئۈچۈن تازا ئۇزاق ئولتۇرىمەن، كەچ بولغۇچە
قارىغايدىن چۈشمەيمەن!— دەپتۇ مايمۇن بىشەملىك بىلەن. مايمۇننى سۆزگە كىرگۈ-
زەلمىگەن بوۋاي كېتىپ قاپتۇ.
كەچقۇرۇن مايمۇن كەتمەكچى بولۇپ
ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، بىراق تۇرالماپتۇ.
«ھوي، بۇ نېمە ئىش؟» دەپ-
تۇ ئۇ ۋە ھەدەپ ئورنى-
دىن تۇرماقچى بولۇپ يۇل-
قۇنۇپتۇ. ساغرىسى قارىغاي
يېلىمىغا چاپلىشىپ قالغانلىقتىن
زادىلا تۇرالماپتۇ. ئاخىر پۈتى-
نى يەنە بىر شاخقا تىرەپ تۇ-
رۇپ بىرلا يۇلقۇنغانىكەن، ساغ-
رىسىدىكى يۇڭلارنىڭ ھەممىسى
يېلىمغا چاپلىشىپ قاپتۇ.
شۇنىڭدىن بۇيان ساغرى-
سى قىزىل بولۇپ قالغا-
نىكەن.



# مۈشۈك ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر

## مۈشۈك بىلەن چاشقان



بۇرۇنقى زاماندا مۈشۈك بىلەن چاشقان ناھايىتى ئىناق دوست ئىكەن. ئۇلار تاپقاننى تەڭ يەپ، بىللە ئويناپ، بىللە ياشايدىكەن. شۇ دەۋرلەردە ئىنسانلار يىل مۈچەللىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ھەر خىل ھايۋانلارنى يىغىپ سايلام ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ-دە، پۈتۈن ھايۋانلارغا سايلامغا قاتنىشىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىپتۇ.

مۈشۈكنىڭ ئۇيقۇسى قاتتىق ئىكەن، شۇڭا مۈچەل سايلىمىغا ئۈلگۈرەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ دوستى چاشقانغا:

— ئاداش، ئەتە سايلامغا بىللە بارايلى. سەن مېنى چوقۇم ئويغىتىپ قوي، ئەتىگەنرەك بارىمىز جۇمۇ!— دەپتۇ.



— خاتىرجەم بول مۈشۈك ئاكا. مەن سەھەر ئويغىنىمەن. سېنى چاقىرمايمۇ ماڭمايمەن،— دەپتۇ چاشقان. لېكىن ئۇ كېچىچە «سايلامغا قاتنىشىدىغانلار قانچە ئاز بولسا، شۇنچە ياخشى. كۆپ بولۇپ كەتسە سايلىنالماي قالىمەن» دەپ ئويلاپ ئىچى تارلىق قىپتۇ-دە، ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ مۈشۈكنى چاقىرماستىنلا ئۆزى يالغۇز سايلام مەيدانىغا كېتىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ئون ئىككى ھايۋان قاتارىدا يىل مۈچەللىككە سايلىنىپتۇ، ھەتتا



بىشەملىك قىلىپ يۈرۈپ ئەڭ ئالدىنقى رەتتە تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈۋاپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن چاشقان كۆرەڭلەپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغان مۈشۈك چاشقاندىن:

— سايلامغا قاچان بارىمىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتامسەن؟— دەپتۇ چاشقان كۈلۈپ،— سايلام ئاياغلاشقىلى نىكەم، مەن سايلانغاندىن باشقا تېخى بىرىنچى رەتنىمۇ قولدىن بەرمىدىم!

— نېمىشقا مېنى چاقىرىۋالمىدىڭ؟— دەپتۇ مۈشۈك خاپا بولۇپ.

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن،— دەپ يالغان ئېيتىپتۇ چاشقان.

غەزەپتىن مۈشۈكنىڭ بۇرۇتلىرى تىك بولۇپ كېتىپتۇ ۋە «ھۇ، يۈزسىز!» دەپ تىللىغىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ چاشقاننى بوغۇپتۇ. چاشقان شۇ ھامان جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. مۈشۈك ھەرقانچە قىلسىمۇ ئىش ئورنىغا كەلمەپتۇ. يىل مۆچەللىكىگە سايلىنىشتىن قۇرۇق قاپتۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن چاشقاننى كۆرگەن ھامان مۈشۈكنىڭ غەزىپى قوزغىلىدىكەن-دە، ئۇنى شۇ يەردىلا بوغۇپ يەۋېتىدىكەن. چاشقان شۇ چاغدىن باشلاپ ئون ئىككى مۆچەلنىڭ بىرىنچى يىلىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغانىكەن.

## مۈشۈك نېمىشقا چاشقان يەيدىغان بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر تېۋىپنىڭ ئاشلىق، يېمەك - ئىچمەك ئامبىرىدا چاشقان كۆپىيىپ كېتىپتۇ-دە، ئاشلىقلىرىنى ئوغرىلاپ زادىلا ئارام بەرمەپتۇ. تېۋىپ ھەر خىل ئامالالارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ چاشقانلارنى يوقىتالماپتۇ. نېمە قىلىشنى بىلمەي تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرغاندا بىر مۈشۈك تېۋىپنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېسىلىنى داۋالاپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ.

— نېمە كېسىلىڭ بار؟— دەپ سوراپتۇ تېۋىپ مۈشۈكتىن.

— نامازشام قارىغۇسى بولۇپ قالدىم. كۈندۈزى كۆزۈم ياخشى كۆرىدۇ، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيمەن،— دەپتۇ مۈشۈك.

تېۋىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ «توختا، ئاشلىقىمغا ئارام بەرمەيۋاتقان چاشقانلارنى مۈشۈك ئارقىلىق يوقاتمايمەنمۇ!» دەپ ئويلاپتۇ-دە، خۇشاللىقىدا سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— بۇرادەر، بۇنىڭغا مەندە باشقا دورا يوق. بولسا چاشقاندىن بىرنەچچىنى تۇتۇپ بېگىن. چۈنكى چاشقان دېگەن بۇ كاساپەتنىڭ كۆزى ئۆتكۈر. ئۇ قاراڭغۇدا تىمسقىلاپ يۈرۈپ ئوزۇق تېپىپ يەيدۇ. بەلكىم ساڭا چاشقان پايدا قىلىپ قالار. بىزنىڭ مۇشۇ ئامباردىلا چاشقاندىن تولا نېمە يوق، سىناپ باقامسەن؟

— ماقۇل، — دەپتۇ مۈشۈك.

شۇنداق قىلىپ مۈشۈك ئامباردا بىرەر ئايغىچە چاشقان تۇتۇپتۇ. قارىسا ئۆزىمۇ سەمرىپ كۆزىمۇ خېلىلا روشەنلىشىپ قالغاندەك بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۈشۈكلەر چاشقان تۇتۇپ يەيدىغان بولۇشقانىكەن.



## مۈشۈك نېمىشقا بىر نەرسە يېگەندىن كېيىنلا يۈزىنى يۇيىدۇ؟



قەدىم ئۆتكەن زاماندا، مەلۇم بىر ماكاندا ئۆي ئىگىسىگە ئوبدان خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مۈشۈك بار ئىكەن. بىر كۈنى ئايال غوجايىن بىر ئايلىق بولغان بالىسىنى بۆشۈكتە ئۇخلىتىپ قويۇپ بازارغا كېتىپتۇ. بۇ چاغدا يوغان بىر چاشقان بۆشۈك ئۈستىگە چىقىپ بوۋاقنىڭ قۇلىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ-دە، بەدەر قېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مۈشۈك دەرھال چاشقاننى قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. ئاندىن قايتىپ كېلىپ بوۋاقنىڭ يۈزىدىكى قاننى تىلى بىلەن يالىۋېتىپ بىر چەتكە بېرىپ مۈگدەپ يېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئايال غوجايىن بازاردىن قايتىپتۇ. بوۋاقنىڭ قۇلىقىنىڭ يوچۇق بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە مۈشۈكنىڭ ئاغزىنىڭ قان يۇقى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، قولىغا كەلتەكنى ئېلىپ:

— ھۇ، بېشىڭنى يېگۈر ئوغرى مۈشۈك!— دېگىنىچە مۈشۈكنى ئۇرۇپ پۇتىنى چېقىۋېتىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئەر غوجايىن كەپتۇ. ئۇ ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يوغان بىر ئۆلۈك چاشقاننىڭ ياتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدا بوۋاقنىڭ قۇلىقىنىڭ بىر پارچىسى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، خوتۇنىغا:

— خاتا قىپسەن خوتۇن، ئەھۋالنى ئۇقماي مۈشۈككە بىكاردىن - بىكار ئازار بېرىپسەن!— دەپتۇ. ئايالى راستىنلا خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ قىلمىشىغا پۇشايمان قىپتۇ ۋە:

— جېنىم مۈشۈكۈم، مېنى كەچۈرگىن. ساڭا ناھەق ئازار بېرىپتىمەن،— دەپ مۈشۈكتىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئەمما مۈشۈكنىڭ توكۇر بولۇپ قالغان پۇتى ئورنىغا كەلمەپتۇ. لېكىن مۈشۈك «ھەرقانداق نەرسىنى يېگەندە، يالىغاندا دەرھال يۈزىنى يۇيۇۋېتىش لازىم ئىكەن، بولمىسا ئۇقۇشماسلىقتىن مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىكەن» دېگەن ساۋاققا ئىگە بوپتۇ. مۈشۈك شۇ كۈندىن باشلاپ بالىسىدىن بالىسىغا يۈزىنى دائىم يۇيۇپ تۇرۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ كەپتۇ. مۈشۈكلەرمۇ بىر نەرسىنى يېگەندىن كېيىنلا دەرھال يۈزىنى يۇيۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋاپتۇدەك.

## مۈشۈك نېمە ئۈچۈن پوقىنى كۆمىدۇ؟

مۈشۈك دائىم چاشقانلارغا: مەن ھەرقانداق ئېگىز يەرگە يامىشىپ چىقالايمەن، سەكرەشتىمۇ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغىنى يوق، دەپ ماختىنىدىكەن. چاشقانلار مۈشۈكنىڭ بۇنداق ماھارىتىگە ھەۋەس قىلىشىدىكەن. بىر كۈنى چاشقانلار: بىزمۇ مۈشۈكنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن سەكرەشنى، ئېگىزگە يامىشىپ چىقىشنى ئۆگەنسەك بولمامدۇ؟ ئۇنداق بولغاندا ئېگىز ئاسقۇدىكى گۆشلەرنىمۇ قىينالمايلا يېيەلەيمىز، دېيىشىپتۇ. ئاخىر چاشقانلار بۇ تەلىپىنى مۈشۈككە ئېيتىپتۇ.

مۈشۈك «تەلىيىم كەپتۇ» دەپ ئويلاپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە چاشقانلارغا قاراپ ناھايىتى سەممىي، مۇلايىم قىياپەتتە:



— بولدۇ، بولدۇ! مەن ئۆزۈمدىكى بۇ ماھارەتنى سىلەرگە ئۆگىتىپ قويۇشنى بەك-
مۇ خالايمەن. بىراق بىر شەرت بار. مەن ھەر كۈنى پەقەت بىر قېتىملا ئۆگىتىمەن. ھەمە-
مىڭلار ئۆز ۋاقتىدا كېلىشىڭلار كېرەك،— دەپتۇ. چاشقانلار چوقۇم ۋاقتىدا كېلىدىغانلىقى-
نى ۋە ئۇستازىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىردەك ۋەدە بېرىشىپتۇ.

— خوش، ئۇنداق بولسا بۈگۈن سىلەرگە تەرتىپلىك يۈگۈرۈشنى ئۆگىتىپ قوياي.
ھەممىڭلار رەتلىك تىزىلىپ مېنىڭ كەينىمدىن يۈگۈرۈڭلار. مەن ئاستا يۈگۈرسەم سى-
لەرمۇ ئاستا يۈگۈرىسلەر، تېز يۈگۈرسەم سىلەرمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالماي تېز يۈگۈ-
رۈسلەر، بىر ئورۇندا تۇرۇپ پىرقىرىسام پىرقىرايسلەر، ئۇقتۇڭلارمۇ؟— دەپتۇ.

— ئۇقتۇق!— دېيىشىپتۇ چاشقانلار.

شۇنىڭ بىلەن يۈگۈرۈش باشلىنىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن مۈشۈك ئۇلارنى توختىتىپ:

— ئەمدى پىرقىراپ يۈگۈرۈشنى ئۆگىنىۋالىڭلار. مەن يۈگۈرمەي ئوتتۇرىدا تۇ-
رىمەن. سىلەر ئەتراپىمنى چۆرىدەپ يۈگۈرۈڭلار، قۇيرۇقۇمنى ئاستا شىپاڭشىتسام ئاستا
يۈگۈرۈڭلار، تېز شىپاڭشىتسام تېز يۈگۈرۈڭلار،— دەپتۇ. چاشقانلار پىرقىراپ يۈگۈ-
رۈشكە باشلاپتۇ. مۈشۈك قۇيرۇقىنى توختىماي تېز شىپاڭشىتىپتۇ. چاشقانلار پىرقىراۋې-
رىپ چارچاپ كېتىپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى يۈگۈرۈۋاتىسلەر، توختىماي يۈگۈرۈڭلار!— مۈشۈك شۇنداق
دەپ تۇرۇپ ئارقىدا قالغان ئىككى چاشقاننى كاپپىدا تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. بىردەمدىن كې-
يىن چاشقاندىن يەنە ئۈچنى يەۋېتىپ:

— بولدى توختاڭلار، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك ئۆگىنىڭلار، ئەتە سىلەرگە يۇقىرىغا يا-
مىشىشنى ئۆگىتىمەن!— دەپتۇ. چاشقانلار قايتىپ كېتىپ دەم ئاپتۇ. ئەتىسى يەنە كەپتۇ.
ئۆگۈنىمۇ كەپتۇ. مۈشۈك ھەر كۈنى چاشقاندىن بەش - ئالتىنى يەپ تۇرۇپتۇ. بىر ھەپ-
تىلەردىن كېيىن چاشقانلارنىڭ يېرىمى قاپتۇ.

— بۇرادەرلەر،— دەپتۇ بىر قېرى چاشقان ھەمراھلىرىغا قاراپ،— ئۆگىنىشنى
باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە بىز ناھايىتى كۆپ ئىدۇق. بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتى-
مىز، بۇ يەردە بىر چاتاق بار جۇمۇ! بايا ئۇستازىمىز تەرەت قىلغان يەرگە بېرىپ قاراپ
باقسام ئەھۋال باشقىچە، ئۇنىڭ پوقى ئارىسىدا چاشقانلارنىڭ تۈكلىرى تۇرىدۇ. ئۆگە-
نىشنى يىغىشتۇرۇپ قويساقمىكىن.

بۇ گەپنى مۈشۈك ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ تەرەت قىلىپ بولۇپلا پو-
قىنى كۆمۈۋېتىدىغان بوپتۇ. چاشقانلارمۇ ئۆگىنىشكە كەلمەيدىغان بولۇشۇپتۇ.

## «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەن سۆز قانداق پەيدا بولغان؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەمنىڭ ناھايىتى ئوبدان بىر مۈشۈكى بار ئىكەن. ئۇ ئىگىسىگە ناھايىتى سادىقلىق بىلەن ئىشلەيدىكەن، شۇڭا بۇ ئۆيدە چاشقانلار دەۋران سۈرەلمەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تالادىن يات بىر مۈشۈك تېنەپ - تەمتىرەپ ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ-دە، ئۆي ئىگىسىگە سۈركىلىپ يېلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىگىسىز قالغانلىقىنى، رەھىم - شەپقەت قىلىپ ئۆزىنى بېقىۋېلىشىنى ئېيتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆيدە ئىككى مۈشۈك بار بوپتۇ. ئۆي مۈشۈكى تالا مۈشۈكىنى يەكلىمەي ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىپتۇ. بىراق تالا مۈشۈكى ئوغرى بولغاچقا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆيدىكى گۆشنى ئوغرىلاپ يەۋالىدىكەن. ئۆيدە پات - پات گۆش يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ بىر كۈنى ئىككى مۈشۈكنى سوراققا تارتىپتۇ:

— بازاردىن ئەكېلىپ قويغان گۆش پات - پاتلا يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. راست گەپ قىلىش، قايسىڭ ئوغرىلىدىڭ؟!

ئۆي مۈشۈكى بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قاپتۇ. ھېلىگەر تالا مۈشۈكى دەرھال يالغان گەپ قىلىپ:

— گۆشنى ماۋۇ ئوغرىلىدى. مەن بىر - ئىككى قېتىم ئۇنىڭ گۆش ئوغرىلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم!— دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلىمايلا ئۆي مۈشۈكىنى ئۇرۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئاق كۆڭۈل ئۆي مۈشۈكى ناھەق قارىلىنىپتۇ، يالغانچى، ھېلىگەر تالا مۈشۈكى ئېتىبارغا ئېرىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەن سۆز پەيدا بولغانىكەن.



## مۈشۈكنىڭ دۈمبىسى نېمىشقا يەرگە تەگمەيدۇ؟

ئىلگىرىكى زاماندا، ئۇلۇغلارنىڭ دەۋرىدە ئادەم كۆپىيىپ كېتىپ پۈتكۈل جاھان ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئاللادىن داۋۇت پەيغەمبەرگە ۋەھىي كېلىپ:

— ئەي داۋۇت، مەن ئۆز قۇدرىتىم بىلەن پۈتكۈل جاھاننى سۇغا تولدۇرىمەن، جاھاندىكى پۈتكۈل ئادەملەرنى سۇغا غەرق قىلىۋېتىمەن، سەن دەرھال بىر ئۆردەك سىياقىدا كېمە ياساپ كېمىگە چىق!— دەپتۇ.

داۋۇت پەيغەمبەر كېمىنى ياساپ مۈشۈكى بىلەن كېمىگە چىقىپتۇ. پۈتكۈل جاھاننى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. داۋۇت پەيغەمبەر كېمە بىلەن سۇ ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى كېمىگە سۇ كىرىۋاتقۇدەك، قارىسا، كېمىنى يەملىگەن تاختاي ئارىسىدىن بىر چاشقان تۆشۈك ئاچقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت پەيغەمبەر چاشقاننى تۇتماقچى بوپتۇ، زادىلا تۇتالماپتۇ.

ئاخىر مۈشۈكنى چورۇغانىكەن، مۈشۈك دەرھال چاشقاننى تۇتۇپ، داۋۇت پەيغەمبەرنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. داۋۇت پەيغەمبەر بۇنداق جىددىي پەيتتە خەۋپ - خەتەردىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان مۈشۈككە قاراپ:

— ھەي خۇدانىڭ جانىۋىرى، بۇنىڭدىن كېيىن دۈمبەڭ يەرگە تەگمىسۇن. يېيىشىڭ تەييار تاماق، يېتىشىڭ ئىسسىق جاي بولسۇن!— دەپ دۇئا قىلغانىكەن، ئاللاتائالا داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۈشۈكنىڭ دۈمبىسى يەرگە تەگمەيدىغان، تەييار تاماقنى يەپ، ئىسسىق كاڭدا بەھۇزۇر ئۇخلاپ ياشايدىغان بوپتۇ.



# خوراز ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

## خوراز نېمىشقا مۈڭگۈزىدىن ئايرىلىپ قالغان؟



بۇرۇنقى زاماندا خورازنىڭ بېشىدا ناھايىتى چىرايلىق بىر جۈپ مۈڭگۈزى بار ئىكەنمىش. بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن ئىنسانلار يىل مۆچەللىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ھەر خىل ھايۋانلارنى يىغىپ سايلام ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ-دە، پۈتۈن ھايۋانلارغا سايلامغا قاتنىشىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىپتۇ.

سۇ ئىچىدە ياشايدىغان ناھايىتى ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىر ئەجدىھا بار ئىكەن. بىراق ئۇنىڭ بېشىدا مۈڭگۈزى بولمىغاچقا ئۆزىنى ھەقىقىي گۈزەل دەپ قارىمايدىكەن. ئۇ يىل مۆچەللىرىگە ۋەكىل بولۇپ سايلىنىش تاماسى بىلەن سايلام مەركىزىگە بارماقچى بوپتۇ-دە، بىرىدىن مۈڭگۈز ئارىيەت ئالماقچى بولۇپ سۇدىن چىقىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ يېقىنلا بىر يەردە چىللاۋاتقان يوغان بىر خورازنى كۆرۈپتۇ. خورازنىڭ مۈڭگۈزى بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھا ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى ئارىيەت ئالماقچى بولۇپ، خورازنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزغىن سالام قىپتۇ ۋە:

— خوراز ئاكا، ئەتە مەن يىل مۆچەل سايلىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن باراتتىم. خاپا بولماي مۈڭگۈزىڭىزنى ماڭا قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز قانداق؟— دەپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، ئەتە سايلامغا مەنمۇ بارىمەن، — دەپتۇ خوراز.

دەل شۇ چاغدا ھەممە ئىشلارغا چېپىلىپ يۈرىدىغان چايان ئۆمىلەپ كېلىپ خورازغا:

— ئەجدىھا ئاكىغا مۈڭگۈزىڭىزنى ئارىيەت بېرىپ تۇرۇڭ. ئۇ چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا مەن گۇۋاھچى بولاي، — دەپتۇ. ئاخىر خوراز چايانىنىڭ سالا قىلىشى بىلەن مۈڭگۈزىنى ئەجدىھاغا قەرزگە بېرىپتۇ.

سايلامدا خوراز بىلەن ئەجدىھا يىل مۈچەللىككە سايلىنىپتۇ. سايلام ئاياغلاشقاندىن كېيىن خوراز سۇ بويىغا كېلىپ ئەجدىھا بىلەن كۆرۈشۈپتۇ-دە، تەكەللۇپ بىلەن:

— بۇرادەر، سايلامۇ تۈگىدى. ئەمدى مۈڭگۈزۈمنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. ئەجدىھا تەمكىن ھالدا:

— سىزنىڭ مۈڭگۈزىڭىزگە مەن تولىمۇ موھتاج. باشقىلاردىن قەرز ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمما مۈڭگۈزىڭىز ماڭا خېلى يارىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر مەن بەك چارچاپ كەتتىم. بۇ توغرىدا كېيىن پاراڭلىشايلى، — دەپتۇ ۋە بىرلا شۇڭغۇپ سۇ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. خورازنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ، ئەجدىھانى بىرھازاغىچە چاقىرىپتۇ. ئەجدىھا زادىلا چىقماپتۇ.

خوراز نائىلاج قايتىپ كېلىپ چايانىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ-دە، ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇ-جۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. چايان ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

— دەرۋەقە، بۇ ئىشتا مەن گۇۋاھچى بولغانىدىم. بىراق ئەجدىھا بولسا سۇدا يا-شايدۇ، مەن ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟ بۇنىڭغا ئىلاج يوق، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگىنىدىن خورازنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە:

— گۇۋاھچى دېگەن مۇشۇنداقمۇ مەسئۇلىيەتسىز بولامدۇ؟— دەپتۇ. چايان ئىزا تارتماي خورازغا:

— كىم سېنى باشقىلارغا مۈڭگۈزىنى قەرز بەرسۇن دەپتۇ! «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگىنىكەن، بولدى، ئەمدى بۇ گەپنى قوي، — دەپتۇ. دەرغەزەپ-كە كەلگەن خوراز ئېتىلىپ كېلىپ ھېلىگەر چايانىنىڭ گېلىنى بوغۇپتۇ-دە، ھايت - ھۇيت دېگۈچە يەۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خوراز چايانىنى كۆرگەن ھامان دەرھال يەۋېتە-دىغان بوپتۇ ۋە ھەر كۈنى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ مۈڭگۈزى ئېسىگە كېلىدىكەن-دە:

— ئەجدىھا...! مۈڭگۈزۈمنى قايتۇرۇپ بەر!— دەپ ۋارقىرايدىغان بوپتۇ.



# خوراز بىلەن توز



رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زامانىدا
بىر ئورمانلىق بولۇپ، ئورمانلىقتا خوراز بىـ-
لەن بىر توز ياشايدىكەن. ئۇلار بەكمۇ ئىناق
ئۆتىدىكەن، بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىكەن.
بۇگۈنكى كۈندىكى توزنىڭ چىرايلىق پەيلىرى
ۋە تاجى ئەسلىدە خورازنىڭ ئىكەن. توز بۇ-
گۈنكى خورازنىڭ سىياقىدا ئىكەن. توز ئاق
كۆڭۈلدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، خورازنىڭ گۈ-
زەل رۇخسارىغا ھەسەت قىلىپ يۈرىدىكەن،
ئېپىنى تېپىپ خورازنىڭ ئاشۇ چىرايلىق كىيە-
منى ئېلىۋېلىشنى ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ ئورمانلىقتا توي
بولۇپ، خوراز بىلەن توزنىمۇ چاقىرىپتۇ،
بىراق خورازنىڭ مۇھىم ئىشى چىقىپ قېلىپ تويغا بارالماپتۇ. توز خورازنىڭ كىيىملىرىنى
بىرىپ تۇرۇشنى سوراپتۇ. خوراز ئاق كۆڭۈل ھەم ساددا بولغاچقا، كىيىملىرىنى توزغا
خۇشاللىق بىلەن سېلىپ بېرىپتۇ. توز تويدا خورازنىڭ كىيىمى بىلەن بارلىق مېھمانلار-
نىڭ ھەۋەسىنى قوزغاپتۇ ھەم ئالاھىدە كۆتۈشكە ئىگە بوپتۇ. تويمۇ تۈگەپتۇ. توزنىڭ بۇ
چىرايلىق كىيىملەرنى خورازغا زادىلا قايتۇرۇپ بەرگۈسى كەلمەپ-
تۇ. ئاخىر ئۇ كىيىملەرگە مەڭگۈ ئىگە بولۇش ئۈچۈن خورازدىن



ئايرىلىپ ئورمانلىقنىڭ يىراق جاي-
لىرىغا كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن
باشلاپ تا ھازىرغىچە توز خوراز-
نىڭ كىيىملىرىنى قايتۇرۇپ بەرمەپ-
تۇ، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىرى بەكمۇ
ئەندىشىدە ئۆتىدىكەن. خورازنىڭ
كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ھازىر-
غىچە ئورمانلىقتىن چىقالمايدىكەن.

## خوراز قانداق بولۇپ ئۆي قۇشىغا ئايلىنىپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا قۇشلار ھازىرقىدەك ئورمانلىقتا، ئېتىز - ئېرىقلاردا ۋە ئادەملەر ئارىسىدا ياشىماستىن، بەلكى مەلۇم تاغدىكى ئۆزگە خاس ماكاندا توپلىشىپ ياشايدىكەن.

بىر كۈنى قۇشلار داقا - دۇمباق، نەغمە - ناۋا قىلىشىپ كېچىچە ئۇسسۇل ئويناپتۇ. بىراق ئۇلار ئۇخلاش ئالدىدا ئوت دۆۋىسىنى يىغىپ چوغنى كۆمۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئەتىسى ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا ئوت ئاللىقاچان ئۆچۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا قۇشلار ئوتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن قايغۇرۇپ، يىغا - زار قىلىشىپتۇ.

خوراز باشقا يەردىن ئوت تېپىپ كېلىش ئۈچۈن قانتىنى قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

خوراز تويتوغرا ئىككى كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ، دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىگە بارغاندىن كېيىن بىر ئۆينى ئۇچرىتىپتۇ. قارىسا ئۆي ئىچىدىكى ئوت دۆۋىسىنىڭ ئالدىدا چىرايلىق بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. خوراز قىزنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەپتۇ.

قىز خورازنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ ئۇنىڭدىن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇشنى، ئۆزى بىلەن دوست بولۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ، لېكىن خوراز گەپ قىلماي، ئوت دۆۋىسىدىن بىرنەچچە تال چوغنى ئېلىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ.

— چىرايلىق خوراز، ھېچبولمىسا نەدە تۇرىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەرگىن. مەن سېنى ئىزدەپ تاپىمەن!— دەپ ۋارقىراپتۇ قىز.

— دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا بېرىپ، داقا - دۇمباق، نەغمە - ناۋا بولۇۋاتقان يەردىن ئىزدىسەڭ مېنى تاپالايسەن، خوش!— دەپتۇ خوراز ۋە ئۇچۇپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئاتا - ئانىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىز: «خوراز دوستۇمنى تېپىپ بېرىڭلار» دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئاتا - ئانىسى ئىلاجىسىز قىزنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر سېۋەتكە ئالمىلارنى ئېلىپ خورازنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ ھەممە يەرنى ئىزدەپتۇ، ئاخىر بىر قولۋاقنى ھەيدەپ دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا قاراپ مېڭىپتۇ، دېگەندەك يېرىم كېچىدە دېڭىز ياقىسىغا كەلسە داقا - دۇمباق، نەغمە - ناۋا ئاڭلىنىپتۇ.

— قۇلاق سېلىڭلار، — دەپتۇ قىز خۇشال بولۇپ، — ئۇ چوقۇم چىرايلىق خورازنىڭ ماكانى!

ئۇلار سىنچىلاپ قاراپ، يۇلتۇزلارنىڭ غۇۋا يورۇقىدا قۇشلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن قۇشلارمۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئۇۋىلىرىدىن بىر - بىرلەپ چىققىلى



تۇرۇپتۇ. بىرىنچى بولۇپ تۆمۈر تۇمشۇق چىقىپتۇ.

— قىزىم، خوراز دېگىنىڭ ئاشۇمۇ؟— دەپ سوراپتۇ دادىسى.

— ياق دادا، خوراز ئۇنىڭدىن چىرايلىق، — دەپتۇ قىز. ئىككىنچى قېتىم شاتۇتى چىقىپتۇ.

— قىزىم، خوراز دېگىنىڭ ئاشۇمۇ؟— دەپتۇ دادىسى.

— ياق دادا، خوراز ئۇنىڭدىنمۇ كېلىشكەن، — دەپتۇ قىز. ئۈچىنچى قېتىم كاككۇك چىقىپتۇ.

— مۇشۇمۇ يا؟— دەپ سوراپتۇ دادىسى.

— ياقەي دادا، خوراز دېگەن بەكمۇ چىرايلىق، — دەپتۇ قىز.

شۇنداق قىلىپ يەنە نۇرغۇن قۇش چىقىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا مەغرۇر قەدەم تاشلاپ خوراز چىقىپتۇ. قىز ئۇنى كۆرۈپلا خۇشال بولۇپ سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنى چاقىرىپتۇ:

— خوراز دوستۇم، بۇياققا كەل. مانا بىز كەلدۇق!

— ياق قىزچاق، — دەپتۇ خوراز يېقىن كەلمەي، — مەن بۇ يەردىكى قۇشلارنىڭ سەردارى. مەن ئۇلاردىن، ئۇلارمۇ مەندىن ئايرىلالمايدۇ. رەنجىمىگىن، سەن بىلەن دوست بولسىمەن دەپ بۇلارنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن.

— ھېچبولمىغاندا ماۋۇ مېۋە - چېۋىلەرگە ئېغىز تەگكىن، — دەپتۇ قىز ئۇنى تەكلىپ قىلىپ.

خوراز بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ قولۋاقنىڭ يېنىغا كەپتۇ. قىز چاققانلىق بىلەن ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. ئاندىن ئۆيگە ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خورا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كىشىلەر ئارىسىدا ياشايدىغان بوپتۇ. سەرداردىن ئايرىلىپ قالغان قۇشلار ئۇزاق ئۆتمەي تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كېتىپتۇ.

# خوراز سۇ ئىچكەندە نېمە ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارايدۇ؟

كۈنلەرنىڭ بىردە توساتتىن قۇرغاقچىلىق بولۇپ كېتىپ، قۇشلار سۇسىز قاپتۇ. ئۇلار ئىلاجسىز تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ سۇ ئىزدەپ چىقىپ كېتىشىپتۇ. خوراز، سېغىزخان، پاختەك ئۈچى بىللە ماڭغانىكەن، ئۇلار ھېچ يەردىن سۇ تاپالماپتۇ. ئاخىر پاختەك:

— توختاڭلار ئاغىنىلەر، سۇ ئىزدەيمىز دەپ بۇنچە ئاۋارە بولۇپ يۈرگەندىن كۆرە ئازراق جاپا تارتساقمۇ قۇدۇقتىن بىرنى قازساق بولمامدۇ؟ يەر ئاستىدىن چوقۇم سۇ چىقىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ تەكلىپكە سېغىزخان دەرھال قوشۇلۇپتۇ، بىراق خوراز ئەسلىدىنلا ھورۇن بولغاچقا:

— ياق، مەن جاپا تارتىپ قۇدۇق كولاپ يۈرمەيمەن. سۇ چىقامدۇ - چىقمامدۇ، قايسىڭلار ھۆددە قىلالايسىلەر؟ بولدى، سۇ ئىچمىسەممۇ ئىچمەي، ئۆزۈڭلەر كولاڭلار! — دەپتۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ، قاناتلىرىنى سالپايتىپ بىر ئازگالغا كىرىپ يېتىپتۇ.

پاختەك بىلەن سېغىزخان چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، قاتتىق بىر كۈن ئىشلەپتۇ. ئاخىر قۇدۇقتىن سۈپسۈزۈك سۇ ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئىككىسى خۇشاللىقتىن قاناتلىرىنى قېقىشىپ راھەتلىنىپ سۇ ئىچىشىپتۇ.

ھورۇن خوراز ئەمگەك قىلمىغاچقا، كېلىپ سۇ ئىچىشتىن خىجىل بوپتۇ. خىجىل بولۇۋېرىپ ئاپپاق تاجى بىردىنلا شالپەردەك قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ «بىردەم چىداپ تۇراي، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئىچەرمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ چاندۇرماي يېتىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن پاختەك بىلەن سېغىزخان:

— خوراز ئاغىنە، ئازگالدىن چىقماي ياتىسەنغۇ؟ بولدى، خىجىل بولما. كېلىپ سۇ ئىچىۋالغىن، قايتىپ كېتەيلى، — دەپتۇ.

— سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار، ئارقاڭلاردىن باراي، — دەپتۇ خوراز دۇدۇقلاپ.

ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەن سېغىزخان پاختەككە كۆز يۇمۇپ قويۇپ:

— ماقۇل، بىز كېتىۋېرەيلى، بىراق ئېسىڭدە بولسۇن، بىز كەتكەندىن كېيىن ھەرگىزمۇ قۇدۇقتىن سۇ ئىچمەن دەپ يۈرمە. كىمدىكىم ئۆزى ئەمگەك قىلماي، باشقىلار





كولىغان قۇدۇقتىن سۇ ئىچسە ئاسماندىن بېشىغا چاقماق چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالدۇ!— دەپتۇ-دە، كۆلۈپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن خوراز قانداق قىلىشنى بىلمەي غەم - قايغۇ ئىچىدە قاپتۇ. ئاخىر ئۇسسۇزلۇققا چىدىماي قۇدۇقنىڭ بېشىغا كېلىپ سۇ ئىچىشكە باشلاپتۇ، بىراق سۇنى ھەربىر ئوتلاپ بولۇپ، قورقىنىدىن دەرھال ئاسمانغا قارايدىكەن، بۇ ئادەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋېتىپتۇ.

## خوراز نېمە ئۈچۈن سەھەردە قىچقىرىدۇ؟

بۇرۇنقى زاماندا قۇياش، ئاي، خوراز ئاكا - ئۇكا بولۇپ، ئاسماندا ياشايدىكەن. بىر كۈنى قۇياش ئەمگەك قىلغىلى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئاي بىلەن خوراز ئۆيدە قاپتۇ. ئاي ھۇرۇن بولغاچقا ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلماي ھەممە ئىشنى خورازغا قىلدۇرىدىكەن. بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئاي خورازنى يايلاقتىن ئات - ئۇلاغ ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. خوراز ھېرىپ كەتتىم، دەپ بارغىلى ئۇنىماپتۇ. بۇنىڭدىن ئوغىسى قايناپ كەتكەن ھۇرۇن ئاي خورازنى ھارغۇچە ئۇرۇپ باش - كۆزىنى قان قىلىۋېتىپتۇ ۋە ئۇنى ئاسماندىن يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ.

قۇياش قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئۆيدە خوراز يوق تۇرغۇدەك.

— خوراز نەگە كەتتى، يوققۇ؟— دەپ سوراپتۇ ئايدىن. ئاي بولغان ئەھۋالنى قۇياشقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇياش خاپا بولۇپ:

— سەن دائىم باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتمەيسەن، ئۆز ئىنىڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئايىساڭ بولمامدۇ! زادى مەنمۇ سەن بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىمايمەن، بولدى مەنمۇ كېتەي! بۈگۈندىن باشلاپ كېچە ساڭا، كۈندۈز ماڭا تەئەللۇق بولسۇن!— دەپتۇ-دە، ئاينىڭ يېنىدىن كېتىپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ خوراز ھەر كۈنى سەھەردە ئاكىسى قۇياشنى كۆرگەندە خۇشال بولۇپ كېتىپ:

— قى - قى - قىق! قى - قى - قىق! — دەپ قىچقىرىدىكەن. بۇ خورازنىڭ: «چوڭ ئاكا، مەن مەيەردە! چوڭ ئاكا، مەن مەيەردە!» دېگىنى ئىكەن.

كەچقۇرۇن قۇياش تاغ كەينىگە ئۆتۈپ، ئاي چىقىشقا باشلىغاندا خوراز ئۇنى كۆرۈشنى خالىماي بالدۇرلا كاتەككە كىرىپ كېتىپ ئۇخلايدىكەن.



## خورازنىڭ چىلىلغىنى نېمە دېگىنى؟

بۈرۈننىڭ بۈرۈنىسىدا، يېقىن زاماننىڭ نېرىسىدا، قۇشلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ نۆۋەت بىلەن بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىشنى باشلاپتۇ. ھەر قېتىملىق بەزمىدە قۇشلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىگە قاراپ سورۇندىن ئورۇن بېرىلىدىكەن. ھەممىدىن خورازنىڭ تاجى، پەي، قاناتلىرى كۆركەم، كىيگەن تونلىرى ئېسىل بولۇپ، توننىڭ رەڭگى قىزىل، يېشىل نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن. بۇ، خورازنىڭ بەستىگە بەكمۇ يارىشىدىكەن، شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم بەزمىگە كەلگەندە باشقا قۇشلار ئالدىغا چىقىپ تۆرگە باشلايدىكەن. خوراز «قو، قو،- قو، قو... ھ ئولتۇرۇڭلار» دەپ قالغان قۇشلارنى مەسخىرە قىلىپ ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلغاندىلا، قالغان قۇشلار كىيىملىرىنىڭ كۆركەملىكىگە قاراپ لايىق ئورۇن تېپىشىپ ئولتۇرۇشىدىكەن.

قىرغاۋۇلنىڭ چاپىنى بوز، نۇرسىز ۋە سەت بولغاچقا ھەر قېتىملىق بەزمىدە پەگاھتىن ئورۇن تېگىدىكەن، قىرغاۋۇلنىڭ بۇنىڭغا كۆڭلى بەك يېرىم ئىكەن. سار بەزمىگە چاقىرغان كۈنى خوراز بەزمىگە بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. سەۋەب، خورازنىڭ سار بىلەن مىجەزى كېلىشمەيدىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قىرغاۋۇل ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ-دە، خورازنىڭ قېشىغا بېرىپ سارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ خورازنى تازا ماختاپتۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئېيتىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك خوراز تاغا، مەن نامرات بولغاچقا يېڭى تون ئېلىپ كىيەلمىدىم. كونا تون بىلەن بەزمىگە بارسام پەگاھتا ئولتۇرىدىكەنمەن. ئۆزلىرى بۈگۈن بەزمىگە بارمىسىلا تونلىرىنى ماڭا بېرىپ تۇرسىلا، مەن سارنىڭ بەزمىسىگە بېرىپ كۆڭلۈمنى ئېچىپ كەلسەم، تونلىرىنى ئەتە ئەتىگەندىلا ئەكېلىپ بەرسەم، — دەپتۇ. خوراز ماقۇل بوپتۇ. تونىنى سېلىپ قىرغاۋۇلغا بېرىۋېتىپ:

— ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ دېگەن ۋاقتىڭدا ئەكېلىپ بەرگىن، گېپىڭ راست بولسۇن جۇمۇ، — دەپتۇ.

قىرغاۋۇل خۇشاللىقىدا ماقۇل، دەپ تونىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ تونىنى كىيىپ راسا ياسىنىپ بەزمىگە بېرىپتۇ. يىراقتىن گىدىيىپ كېلىۋاتقان قىرغاۋۇلنى كۆرگەن بەزمىدىكى پۈتۈن قۇشلار ئۇنىڭ كىيىمىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ ۋە ئۇنى بەك ھۆرمەتلەپ ئايۋاننىڭ



تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ. بەزمە تۈگەپ قىرغاۋۇل تەڭ كېچىدە ئۆيگە بېرىپ «خوراز مېنىڭ ئۆيۈمنى بىلمەيدۇ، توننى سوراپ كېلەلمەيدۇ. مەن توننى سوراپ ئالغاندا گۇۋاھچى يوق، تېنىپ كەتسەم ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئەتىسى خورازنىڭ توننى قايتۇرۇپ بېرىشكە بارماپتۇ.

خوراز ئەتىسى قىرغاۋۇلنىڭ يولىغا قاراپتۇ، قىرغاۋۇل كەلمەپتۇ. چۈش ۋاقتىدا ئېگىز تام ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا بېقىپتۇ، لېكىن قىرغاۋۇلنى كۆرمەپتۇ. خوراز «چاپىنىمنى ئەكېلىپ بەر...» دەپ يەتتە قېتىم چاقىرىپتۇ، قىرغاۋۇل كەلمەپتۇ. نامازدىگەر بىلەن يەنە ئۆگزىگە چىقىپ يىراقلارغا قاراپتۇ، لېكىن قىرغاۋۇلنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. خوراز ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە ئېگىز دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقىپ ئەتراپقا قاراپتۇ. قانىتىنى ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ چاقىرىپ بېقىپتۇ، لېكىن قىرغاۋۇلنىڭ يەنىلا قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭدىن ھازىرغىچە خوراز قىرغاۋۇلنى چاقىرىدىكەن.

## خوراز دانلىغاندا نېمە ئۈچۈن ھەممىلا نەرسىنى تاتىلاپ باقىدۇ؟

كۈنلەرنىڭ بىرىدە غوجايىن توخۇسى بىلەن ئىتىغا بىر تەخسىدە يەم بېرىپتۇ. ئۇ يەمگە بىرئاز ماي ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەنىكەن، ماي يەمنىڭ ئاستىغا ساقىپ كېتىپتۇ. تادان ئىت بۇنى سېزىپ قېلىپ، يەمنىڭ ئۈستى تەرىپىنى يېمەي، ئاستىنى پۇراپ يۈرۈپ ماي ساقىپ قالغان يېرىنى يەپتۇ. توخۇ كالۋاراق بولغاچقا يەمنىڭ ئۈستىنى — ئاغزىغا نېمە چىقسا شۇنى يەۋېرىپتۇ.

ھەر ئىككىلىسى يەپ تويۇپتۇ. ئىت تەخسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ توخۇغا:

— ھەي، سەن تازا كالۋا نېمىكەنسەن! ھەدەپ بېشىڭنى كۆتۈرمەي يەمنىڭ ئۈستىنىلا يېدىڭ، ئاستىدا نېمە بارلىقى بىلەن كارىڭ بولمىدى. مېنىڭ تۇمشۇقۇمغا قاراپ باققىنا، نېمىدېگەن مايلىشىپ كەتكەن! سەن پەقەت يەمنىڭ ئۈستىدىكى قاتتىق - قۇرۇق بىرنېمىلەرنى چوقۇش بىلەنلا بولۇپ كەتتىڭ، — دەپتۇ.

ساددا توخۇ ئىتنىڭ بۇ تەجرىبىسىنى سەممىي قوبۇل قىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان توخۇ بىرنېمە يېسە ئالدى بىلەن تاتىلاپ چىچىپ بېقىپ، ئاستىدا نېمە بارلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولىدىكەن.



# توشقان ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

## توشقان نېمىشقا سالپاڭ قۇلاق، قىزىل كۆز، يېرىق كالپۇك، كالتە قۇيرۇق بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا ھايۋانلار ئورانگۇتاننىڭ باشچىلىقىدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتـ-
كۈزمەكچى بوپتۇ. كىم بىرىنچىلىكنى ئالسا، شۇ چىرايلىق تاج كىيىدىكەن. شۇڭا ھەممى-
سى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، مەشىق قىلىشقا كىرىشىپتۇ. بىراق ئاق توشقان بىرىنچىلىكنى
ئېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ مەشىق قىلماپتۇ. ئۇ ساختىپەزلىك قىلىپ، مۇسابىقە قىلىدىغان
يولنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە ئورا كولاپ، ئۈستىنى شاخ - شۇمبا بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ.
ئۇ: «مۇسابىقىدە باشقىلار ئورەككە يىقىلىپ چۈشسە، ئۆملەپ قويۇپ بولغۇچە مەن
ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپ، بىرىنچى بولۇۋالىمەن» دەپ ئويلايدىكەن. بۇنىڭ قارا
نىيىتىنى ۋە قىلغان رەزىل ئىشنى باشقا ھايۋانلار بىلىپ قېلىپ، ئورانگۇتانغا خەۋەر
قىپتۇ. بۇ ئىشتىن ئورانگۇتاننىڭ غەزەپ ئاچچىقى كېلىپ، ئاق توشقاننى مۇسابىقىگە قاتـ-
نىشىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىپتۇ. لېكىن ئاق توشقان مۇسابىقە باشلىنىدىغان چاغدا
ئاستا كېلىپ، يۈگۈرىدىغانلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئورانگۇتان ئاچچىقى بىلەن
كېلىپ، قۇلىقىدىن بىرلا تارتىپ ئۇنى نېرىغا ئىرغىتىپ تاشلاپتۇ. ئاق توشقاننىڭ قۇلىقى
بەك تارتىلىپ كەتكەچكە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كالتە قۇلىقى ئۇزىراپ سالپاڭ قۇلاق بولۇپ
قاپتۇ.

شۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە چىپار بۇغا بىرىنچىلىكنى ئاپتۇ. ئورانگۇتان چىپار بۇغىنى
مۇكاپاتلاپ ئۇنىڭ بېشىغا ئاچا شاخلىق بەك چىرايلىق تاجنى كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ. ھەم-
مەيلەن چىپار بۇغىنى تەبرىكلەپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ. لېكىن بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ھە-
سەتخور ئاق توشقاننىڭ ئىچى ئېچىشىپ، كۆزى قىزىرىشقا باشلاپتۇ ۋە بىردەمدىن كې-
يىنلا ئۇنىڭ قارا كۆزى پۈتۈنلەي قىزىل بولۇپ قاپتۇ.

چىپار بۇغا تاجنى كىيىپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ. ئاندىن بىر يەرگە كېلىپ ئارام ئېلىپ



يېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئىچى ئېچىشىپ، كۆزى قىزىرىپ زادىلا چىدىماي قالغان ھەسەتخور ئاق توشقان ئاستا كېلىپ، چىپار بۇغىنىڭ قۇيرۇقىنى بىرلا تارتىپ ئۈزۈۋېتىپتۇ، بىچارە بۇغا قۇيرۇقىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ئوتلاقتا ئېغىناپ كېتىپتۇ، ئاق توشقان بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ توختىماي كۈلۈۋېرىپتۇ. ئاخىر كالپۇكى يىرتىلىپ كېتىپتۇ-دە، يېرىق كالپۇك بولۇپ قاپتۇ.

چىپار بۇغا ئورنىدىن تۇرۇپ: «قۇيرۇقۇمنى قايتۇرۇپ بەر!» دەپ ئاق توشقانغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئاق توشقان ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي بەدەر قېچىپتۇ. چىپار بۇغا ئاق توشقاننى تۇتۇۋالغىلى ئاز قالغاندا ئۇ ئىلاجسىز بىر كامارغا كىرىۋاپتۇ، بىراق كامارغا ئۇنىڭ بېشى پېتىپ، ساغرىسى پاتماي سىرتقا چىقىپ قاپتۇ. چىپار بۇغا دەرھال كېلىپ، ئاق توشقاننىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاق توشقاننىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقى كالتە بولۇپ قاپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئاق توشقان سالپاڭ قۇلاق، قىزىل كۆز، يېرىق كالپۇك، كالتە قۇيرۇق بولۇپ قالغانىكەن.



# توشقاننىڭ كالپۇكى نېمىشقا پۇچۇق؟



بۇرۇنقى زاماندا توشقاننىڭ ئاغزى ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ چىرايلىق ئاغزى بىلەن ماختىنىپ، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىكەن.

ئۇ بىر ئات بىلەن دوست بوپتۇ. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز بىللە يېتىپ ـ قوپىدىكەن. قىش كىرىپ ھاۋا سوغۇق بولۇپ كەتكەنىكەن. ئۇلار ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە ئوت قالاپتۇ ـ دە، ئىسسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. توشقان كەپسىز بولغاچقا ئاتنى بوزەك قىلماقچى بولۇپ، ئوتنى قەستەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپتۇ. ئات ئىسسىق تەپتىگە چىدىماي كەينىگرەك سۈرۈلۈپتۇ. توشقان ئوتنى يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپتۇ. ئات يەنە كەينىگە سۈرۈلۈپتۇ. توشقان ئوتنى يەنە سۈرۈپتۇ. ئات يەنە كەينىگە سۈرۈلۈۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئات تاغدىن پەسكە غۇلاپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۆلۈپتۇ. توشقان شۇ ھامان يىراقتا مال بېقىۋاتقان پادىچىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ھەي پادىچى، ئامىتىڭ كەلدى! ئىتتىك بول، ئاۋۇ جىلغىدا بىر ئات ئۆلۈپ قاپتۇ. بېرىپ تېرىسىنى سويۇۋال، — دەپتۇ.

— ياق، بارالمايمەن. ماۋۇ ئۇلاغلىرىمنىڭ دۈمبىسىدىكى يېغىر ساقايمىدى، مەن كېتىپ قالسام قاغا كېلىپ چوقۇلاپ، ئۇلارنىڭ يېغىرىنى ئېچىۋېتىدۇ، — دەپتۇ پادىچى.

— قورقما، ئۇلىغىڭغا مەن قاراپ تۇرىمەن. بىردەمدىلا بېرىپ كېلىسەن، — دەپتۇ توشقان مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

پادىچى كېتىپتۇ. توشقان شۇ ھامان قاغىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي قاغا، ئامىتىڭ كەلدى! ئاۋۇ ئوتلاقتىكى مالنىڭ يېنىدا دۈمبىسى يېغىر بولۇپ كەتكەن بىرنەچچە ئۇلاغ تۇرىدۇ. پادىچىمۇ يوق. ماڭ ئىتتىك بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېغىرىنى چوقۇلاپ يە! — دەپتۇ.

— ياق، بارمايمەن، — دەپتۇ قاغا بېشىنى چايقاپ، — ئۇۋامدا بىرمۇنچە تۇخۇم بار، مەن ئۇ يەرگە كەتسەم، باللار كېلىپ تۇخۇملىرىمنى ئېلىپ قاچىدۇ.

— شۇنىڭدىنمۇ غەم يەمسەن؟ مانا مەن قاراپ تۇرىمەن، باللار ھەرگىزمۇ كېلەلمەيدۇ، — دەپتۇ توشقان.

قاغا كەتكەندىن كېيىن توشقان دەرھال بىر باللىنىڭ قېشىغا كېلىپ:



— ھەي، شاكچىك، ئامىتىڭ كەلدى! قاغا ئۇۋۇد-
سىدا يوق، ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ تۇخۇملىرىنى ئېلىپ
ئوينا، — دەپتۇ.

— ياق، بارمايمەن، — دەپتۇ بالا ئۇنىماي، —
ئاپام ئۆيگە ئوبدان قارا دېگەن. ئۆيدە ئادەم يوق.
مەن كېتىپ قالسام ئۆيگە ئوغرى كىرىدۇ.

— ۋاي ئەخمەق، ئۆيۈڭگە مەن قاراپ تۇراي،
سەن بېرىۋەرگىن، — دەپتۇ توشقان.

بالا يۈگۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ. توشقان ئالمان -
تالمان ئوغرىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي ئوغرى، ئامىتىڭ كەلدى! كىچىك بالا ئۆيد-
نى يالغۇز تاشلاپ قاغىنىڭ تۇخۇمىنى ئالغىلى كەتتى.
بول، ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى مال - مۈلۈكنى يىغىشتۇرۇپ كەل، — دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا ھازىرلا باراي، — دەپتۇ ئوغرى ۋە ئۇچقاندەك كې-
تىپ قاپتۇ.

بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن پادىچى ئاتىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ، ئۇلاغلىرىنىڭ قېشىغا
كەلسە توشقان يوق، قاغا ھەدەپ ئۇلاغنىڭ دۈمبىسىدىكى يېغىرلارنى چوقۇلىغىلى تۇرۇپ-
تۇ. پادىچى بىر تاشنى ئېلىپ قاغىغا ئېتىپتۇ. قاغا ئۇچۇپ ئۇۋۇسىغا كېلىپ قارىسا، توش-
قان يوق، بىر بالا ھەدەپ ئۇۋۇدىكى تۇخۇملارنى ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىۋاتقۇدەك، قاغى-
نىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتىپتۇ-دە، ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ بالىنى چوقۇلاپتۇ، بالا قې-
چىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، بىر ئوغرى ھەدەپ ساندۇقلارنى دۈم كۆمتۈرۈپ، بې-
ساتلارنى ئوغرىلىغىلى تۇرۇپتۇ. بالا جېنىنىڭ بارىچە: «ۋاي ئوغرى! ئوغ-
رىنى تۇتۇڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. قورقۇپ كەتكەن ئوغرى ئالدى -
كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ.



پادىچى قاغىنى، قاغا بالىنى، بالا ئوغرىنى قاغاپتۇ. توشقان تاغنىڭ
ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەممىسىنى
ئەخمەق قىلغانلىقىدىن ئۆزىچە مەستلىكى كېلىپ تازا كۈ-
لۈپتۇ. كۈلگەندىمۇ توختىماي قاقاقلاپ كۈلۈپ ئاغزىنى
يۇمالماي قاپتۇ. ئۇ بەك قاتتىق كۈلۈپ كەتكەنلىكتىن
ئۈشتۈمتۇت كالپۇكى يېرىلىپ كېتىپتۇ. مانا شۇ كۈن-
دىن باشلاپ توشقاننىڭ كالپۇكى يېرىق بولۇپ
قالغانىكەن.



# كۈچەپ كۈلۈشنىڭ ئاقىۋىتى



كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاڭگالدىكى بارلىق ياۋا توشقانلار بىر يەرگە يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئاغىنىلەر، بىز دائىم ھەممە نېمىدىن قورقىمىز، بىراق ھېچكىم بىزدىن قورقمايدۇ، — دەپتۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەستلىك كەلگەن بىر توشقان، — بىز بىرەر مۈشۈك، ئىت ياكى تۈلكىنى كۆرسەكمۇ ئۆلگۈدەك قورقۇپ قاچىمىز. بىزنىڭ ئارامخۇدا تۇرغۇدەك ماكانىمىزمۇ يوق، بالىچاقىلىرىمىز بىلەن خاتىرجەم بىللە بولالمايمىز، خاتىرجەم ئويناپ كۈلەلمەيمىز. ئەھۋالىمىز بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. كىچىككىنە بىر كۈچۈكمۇ بىزنى كۆرسە قوغلايدۇ. ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ سايىسىدىنمۇ قورقىمىز. مۇشۇمۇ كۈنمۇ؟ مۇنداق ھايات كەچۈرگەندىن كۆرە ئۆلگىنىمىز ياخشى، مېنىڭچە ھەممىمىز بېرىپ كۆلگە سەكرەپ ئۆلەيلى، بىز ھامىنى بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمىزغۇ؟!

— توغرا، شۇنداق قىلايلى، — دېيىشىپتۇ توشقانلار بىردەك ۋە ئۇلار ئۇلاش - چولاش كۆلنىڭ بويىغا بېرىپ، سۇغا سەكرەپ ئۆلۈۋېلىشقا تەييارلىنىپ مېڭىپتۇ.

كۆلنىڭ بويىدا بىرەر يۈز پاقا ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىشقانىكەن. ئۇلار دەۋرەپ كېلىشىۋاتقان توشقانلارنى كۆرۈپ ئۈركۈپ كېتىپ كەينى ـ كەينىدىن كۆلگە ئۆزىنى ئېتىشىپتۇ.

پاقىلارنىڭ قورقۇشۇپ كۆلگە ئۆزىنى ئاتقانلىقىنى كۆرگەن توشقانلار كۆل بويىغا كېلىپ تۇرۇپ قېلىشىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى توختىتالماي كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇلار دۇنيادا ئۆزلىرىدىن قورقىدىغان ھايۋانىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئېتىپ ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن يېنىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ توشقانلار راسا كۈلۈپتۇ. بەزىلىرى كۈلۈۋېرىپ دومىلاپ كېتىشىپتۇ. خۇشاللىقىدىن كۈلۈۋېرىپ ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى يىرىلىپ كېتىپتۇ. توشقانلارنىڭ كالپۇكى ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن يىرىق بولۇپ قالغانىكەن.

## توشقان نېمىشقا مېيىپ بولۇپ قالغان؟

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۆرە بەك قاۋۇل ئىكەن، تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن، قاغا ھاكىمچى ئىكەن، سېغىزغان چېقىمچى ئىكەن، غاز كانايچى ئىكەن، ئۆدەك سۇنايچى ئىكەن، تاشپاقا دۇنيادىن بىغەم ئىكەن، كۆل پاقىسى ئۇنىڭغا قەرزدار ئىكەن.

بۇرۇنقى زامانلاردا بىر ھىيلىگەر توشقان ياشىغانىكەن. ئۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن ئېيىقلارنى، بۆرىلەرنى، شىرلارنى، ھەتتا ئادەملەرنى ئالداپ يۈرەتتىكەن. بىر كۈنى شۇ توشقان يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرغان موماينىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. موماي:

— خويمۇ ياخشى بولدى، ئۆيدە گۆش يوقتى، — دەپتۇ. توشقان مومايغا:



— مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇراي، سىز ئاۋۇ ياقلاردىن ئوتۇن تېرىپ كېلىڭ-دە، مېنى ئۆلتۈرۈڭ، — دەپتۇ.

موماي توشقان بىلەن يىپىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ئوتۇنغا كەتكەندە، توشقان قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ قېچىپ يۈرسە، شامال ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

شامال:

— مەن سېنى دومىلىتىپ ئوينايمەن، — دېسە، توشقان:

— مەن بەربىر قېچىپ كېتىمەن، ئۇنىڭدىن ساڭا قىزىق ئويۇن تېپىپ بېرەيمۇ؟ — دەپتۇ. شامال:

— قېنى؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئاۋۇ يەردە موماينىڭ يېپى بار، شۇنى ئۈچۈرتۈپ، موماينى راسا ئەخمەق قىلامامسەن؟— دەپ شامالنىمۇ يولغا سېپتۇ. توشقان خۇشاللىقىدىن لىكىلداپ سەكرەپ كېلىۋاتسا، ئالدىغا يولۋاس چىقىپ قاپتۇ.

يولۋاس:

— ئۇھ، ئۇھ، دېگەن ۋاقىتتا ئۈچراشتىڭ، رىزىقلىق ئىكەنمەن، راسا تاتلىق گۆش يەيدىغان بولدۇم،— دەپ توشقاننى يېمەكچى بوپتۇ.

— توختا! مېنىڭ ئېيتىدىغان سۆزۈم بار،— دەپتۇ توشقان.

— نېمە سۆزۈڭ بار؟— دەپ سوراپتۇ يولۋاس. توشقان ھودۇقماي سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— سەن ئاۋۇ غارنىڭ بويىدا يېتىپ تۇر، مەن ئوتۇن تېرىپ كېلەي، ئاندىن سەن مېنى پىشۇرۇپ يە، بولمىسا گۆشۈمنىڭ تەمى يوق،— دەپتۇ.

بۇ سۆز يولۋاسقا مايدەك يېقىپ، غار بويىدا ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. توشقان نۇرغۇن ئوتۇننى تېرىپ، يولۋاسنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ ئوتنى تازا قالىغاندا، ئوتنىڭ تەپتىدىن ئۆرۈلۈپ ياتىمەن دەپ، يولۋاس غارغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

توشقان چىرقىراپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بارسا، ئۈۋچىلار ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۈۋچىلار ئۆردەك، قىرغاۋۇل، تۈلكىلەرنى ئېتىۋالغانىكەن. بىر ئۈۋچى توشقاننى كۆرۈپ ئاتاي دەپ تۇرغاندا، توشقان:

— ھەي...ھەي! توختاڭلار! مەن سىلەرگە ناھايىتى پايدىلىق نەرسە ئېيتىمەن. مۇنۇ غارنىڭ نېرىسىدىكى غارنىڭ بويىدا بىر يولۋاس ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىلىپ قاپتۇ، سىلەر بېرىپ كېلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئولجاڭلارغا قاراپ تۇراي،— دەپتىكەن، ئۈۋچىلار يۈگۈرۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئۈۋچىلاردىن قۇتۇلۇپ خۇشال كېتىپ بارغاندا، بۆركۆت ئۇچرىشىپتۇ-دە:

— سېنىڭ بېشىڭنى چوقۇلايمەن،— دەپتۇ.

— مېنىڭ بېشىمنى نېمە قىلىسەن؟ بەرىبىر مېنىڭ گۆشۈمگە تويمايسەن، ئاۋۇ يەرگە بارساڭ بىر يولۋاس ئىككى تاشنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قاپتۇ، بېرىپ شۇنى چوقۇلا، ساڭا بىر يىل يېتىدۇ،— دەپتۇ.

توشقان ھەممىنى يولغا سېلىپ، ئۆزى ئېگىز تاغقا چىقىپ قارىسا، موماي ئوتۇنلارنى، شامال يىپنى، بۆركۆت يولۋاسنى ئىزدىشىپ يۈرۈپتۇ. توشقان ئۆزىنىڭ مۇنچىلىك قۇۋلۇق ئىشلەتكىنىگە خۇشال بولۇپ، شۇنچىلىك قاتتىق كۈلۈپتۇكى، بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ كالپۇكى يىرىلىپ كەتكەنمىش. شۇنىڭدىن بېرى توشقاننىڭ كالپۇكى پۈچۈق بولۇپ قاپتۇ.

# توشقان قۇيرۇقى نېمىشقا كالتە؟



كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى توشقان دەريا بويىدا ئويناۋېتىپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ياپ-يېشىل، يۇمران ئوت - چۆپلەر بىلەن تولغان بىر پارچە يايلاقنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ ئوت - چۆپلەرنى يەپ ئويناپ كېلىش نىيىتىگە كېلىشىپتۇ. بىراق ئۇلار سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەن. دەريادىن قانداق ئۆتۈش كېرەك؟ توشقانلارنىڭ بېشى قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇلار بىر قېرى تاشپاقىنىڭ قىرغاققا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. توشقانلار ئۇنى ئالدىماقچى بولۇپ دەرھال تاشپاقىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تاشپاقا بوۋا! سىلەرنى بەك جەمەتلىك دەپ ئاڭلىۋىدۇق، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان سىلەرنى ھېچ كۆرمىدۇققۇ، سىلەرنىڭ سانىڭلار بىزگە يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ-ھە؟ — دەپتۇ.

— ياق، بىز بەك جەمەتلىك. سان جەھەتتە سەنلەر بىزگە ھەرگىزمۇ يەتمەيسىلەر، — دەپتۇ تاشپاقا.

— ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ توشقانلاردىن بىرى تاشپاقىنى ئالداپ، — سەن ھازىر بېرىپ تاشپاقىلارنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ كەلگىن. ئۇلار سۇنىڭ يۈزىدە ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققىچە ئىككىدىن قاتار تىزىلىپ تۇرسۇن، بىز بىر - بىرلەپ ساناپ چىقايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىز تەرەپكە بېرىپ، بىزنىڭ جەمەتىمىزنى ساناپ چىقىڭلار، قايسىمىزنىڭ جەمەتلىك ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا كۆرىمىز.

— بولىدۇ، — دەپتۇ تاشپاقا ۋە بىردەمدىن كېيىن بارلىق جەمەتلىرىنى باشلاپ كېلىپ، سۇنىڭ ئۈستىدە ئىككىدىن رەتلىك تىزىلدۇرۇپتۇ. تاشپاقىلارنى ئەخمەق قىلغاندلىقىدىن خۇشال بولۇشۇپ كەتكەن ئىككى توشقان سۇ ئۈستىدە تىزىلىپ تۇرۇشقان تاشپاقىلارنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ «بىر جۈپ، ئىككى جۈپ» دەپ ساناپ مېڭىپتۇ. قىرغاققا ئاز قالغان توشقانلار بەك كۆرەڭلەپ كېتىپ:

— ئەخمەقلەر، بىز سىلەرنى كۆۋرۈك قىلىپ دەريادىن ئۆتۈۋالدىغان بولدۇق. تازا ئالدام خالتىمىزغا چۈشتۈڭلار! — دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ. ئۇلار بەك بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتكەنىكەن. كۆتۈلمىگەندە قىرغاققا يېقىن تۇرغان بىرنەچچە جۈپ تاشپاقا بۇ يالغانچى كاززاپلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بوپتۇ-دە، توشقانلارنىڭ قۇيرۇقىنى كاپ قىلىپ چىشلەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن قورقۇپ كەتكەن توشقانلار قاچماقچى بولۇپ كۈچىنىڭ بارىچە يۇلقۇنغانىكەن، قۇيرۇقلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ تاشپاقىنىڭ ئاغزىدا قېپقاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن توشقانلارنىڭ ئۇزۇن ھەم چىرايلىق قۇيرۇقى سولتەك بولۇپ قالغانىكەن.



# قاغا ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

## قاغا نېمىشقا قارا بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا قاغا تۈك ـ پەيلىرى قانات ـ قۇيرۇقلىرى بەك چىرايلىق، تۇزنىڭكىدىنمۇ رەڭدار، ناھايىتى يېقىملىق سايرايدىغان قۇش ئىكەنمىش. شۇڭا ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇ نەگىلا بارسا ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىدىكەن ۋە ئۇنى ئورمانلىقتىكى ھۆر ـ پەرى دەپ ماختايدىكەن. بۇ گۈزەل قۇش ماختاشلارنى ئاڭلاۋەرگەندىن كېيىن مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، بارا ـ بارا ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ باشقا قۇشلارنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىغان ھامان تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ:

— بولدىلا، قۇلىقىمنى ئاغرىتماي ئاغزىڭنى يۇمۇش! ئاۋازلىرىڭ نېمىدېگەن سەت! ماڭا ئوخشاش سايرىيالىساڭ سايراش، بولمىسا كۆزۈمدىن يوقىلىش!— دەپ ۋارقىرايدىكەن. شۇڭا قۇشلار ئۇنى كۆرسىلا قاچىدىغان بولۇشۇپتۇ.



كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قۇش تاغ باغرىدا ئۆزى يالغۇز ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ دالادا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئوتنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ئۇنىمۇ چىرايلىق قۇش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ-دە، ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەيۋە قىپتۇ:

ــ ھەي، سەن قانداق قۇش؟ سەن تەپ تارتماستىن مېنىڭ ئالدىمدا ئەدەبسىزلىك قىلىپ قانات قېقىپ يالتىراپ يۈرۈيسنا؟!

ئوت يەنىلا يالىلداپ «چارس - چارس» ئاۋاز چىقىرىپ تېخىمۇ ئەدەپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ھاكاۋۇر قاغا: «بۇ تېخى مېنىڭ گېپىمگە جاۋاب بەرمەكتە يوق، يەنە ناخشا ئېيتىپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدىغۇ!» دەپ ئويلاپ قاپتۇ-دە، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇپ ئوتقا قاراپ تاشلىنىپتۇ.

ئۇ «پاژ - پۇژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ «ۋايجان! كۆيۈپ كەتتىم!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ۋە ملك تەستە قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ قارىسا، بەدىنىدىكى رەڭگارەڭ چىرايلىق پەيلىرى، ئۇزۇن قۇيرۇقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. پەقەت بەدىنىدە ئازغىنا قارا تۈك، سوكال قۇيرۇقلا قاپتۇ، سايراپ باقماقچى بولغانىكەن، ھەرقانچە قىلىپمۇ سايرىيالماپتۇ. پەقەت «قاق - قاق» قىلغاندىن باشقا ئاۋاز چىقماپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەسلىدىكى بىر گۈزەل قۇش ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن بۈگۈنكى قاپقارا قاغىغا ئايلىنىپ قالغانىكەن.

## قاغىنىڭ رەڭگى

بۇرۇنقى زاماندا مۈشۈكياپلاق بوياقچىلىق قىلىدىكەن. ھەممە ئۇچار قاناتلار قانات - قۇيرۇقلىرىنى، تۈك - پەيلىرىنى ئۇنىڭغا ھەر خىل رەڭدە چىرايلىق قىلىپ بويىتىدىكەن. مۈشۈكياپلاقنىڭ ھۈنىرىدىن قۇشلار رازى ئىكەن. پەقەت قاغىلا ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىكەن. چۈنكى ئۇ چاغدا قاغا ئاپپاق ئىكەن. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئاپپاق قانات - قۇيرۇقلىرىنى ماختاپلا يۈرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ قاغا ئۆزىنىڭ ئاپپاق قانات - قۇيرۇقلىرىدىن زېرىكىپتۇ-دە، مۈشۈكياپلاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ:





— مېنىڭ كىيۋالغان كىيىملىرىم ئاپپاق بولغاچقا بەكمۇ چىرايلىق. ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلماقچىمەن. شۇڭا ئۇچامدىكى كىيىملەرنى جاھاندا ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە چىرايلىق رەڭدە بوياپ بەرسەڭ، — دەپتۇ ۋە ئۇرغۇن تەلەپلەرنى ئېيتىپتۇ.

مۇشۇكياپىلاق: «بۇ يوغانچى، ياسانچۇق قاغىنىڭ كىيىمنى قانداق رەڭدە بوياپ بەرسەم بولار» دەپ ئۇزاق باش قاتۇرۇپتۇ. ئاخىر قاغىنىڭ ئاپپاق تۈك - پەيلىرىنى قاپقارا رەڭدە بوياپ بېرىپتۇ.

قاغا ئۆزىنىڭ خۇددى مورىدىن چىققاندەك قاپقارا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ! مۇشۇمۇ چىرايلىق رەڭ بولامدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

مۇشۇكياپىلاق بولسا ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ:

— بۇ سەن تەلەپ قىلغان، جاھاندا ھېچكىمنىڭ ئۇچىسىدا كۆرۈلمىگەن رەڭ، — دەپتۇ.

قاغا ۋارقىراپ - جارقىراپتۇ. چىچاڭشىپ سەكرەپتۇ. لېكىن بولغۇلۇق ئىش بولۇپ بوپتۇ. نېمە ئامال؟ مانا شۇنىڭدىن بۇيان بارلىق قاغىلار قارا بولۇپ قاپتۇ.

## تۇغراق بىلەن قاغا نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ؟

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ھەزرىتى ئىسكەندەر پادىشاھلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا «دۇنيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە بىر زۇلمەت بار ئىمىش. زۇلمەتكە كىرىپ ـ چىققانلار ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان ئىچىدە قالۇر ئىمىش» دېگەن بىر گەپ يېتىپتۇ. ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ زۇلمەتنى كۆرگۈسى، «پۇشايمان»نىڭ بار يېرىنى بىلگۈسى كەپتۇ ـ دە، زۇلمەتنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ بىر جايغا بارغاندا ھەسرەتكە چۆمۈپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە يولۇقۇپتۇ. ئىسكەندەر ئۇ كىشىدىن ھەسرەت چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن بۇ دۇنيادا بىر زۇلمەت بارلىقىغا ئىشىنىپ ئاخىر زۇلمەتنى تېپىپ كىردىم. ئۇنىڭ ئىچى شۇنداق قاراڭغۇ ئىكەنكى، بىر قەدەم نېرىدىكى جاينى ئەمەس، ئۆزى تۇرغان جاينىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ مەن مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر چاغدا ئايىغىم سۇغا چىلانغاندەك بولدى. شۇ يەردە توختاپ سۇغا قول تىقتىم، سۇ تېيىز ئىكەن، قولۇمغا ئاجايىپ سىلىق تاشلار ئۇرۇندى. مەن قولۇمغا چىققان تاشلارنى ئېلىپ يورۇقتا كۆرۈش ئۈچۈن زۇلمەتتىن قايتىپ چىقتىم. قارىسام، ئۇ شۇنداق ئېسىل گۆھەر تاشلار ئىكەن، ئۇنداق تاشلارنى يەر يۈزىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ تاشلارنى تاماشا قىلىپ تۇرغىنىمدا يەنە بىر كىشى پەيدا بولدى. ئۇ كىشىمۇ زۇلمەتكە كىرىپ چىققانىكەن، ئەمما ھېچنېمە ئاچىقماپتۇ. ئۇ كىشى مەن ئاچىققان تاشلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قالدى. ئىككىمىز دەرھال زۇلمەتكە قايتا كىرمەكچى بولدۇق، بىراق زۇلمەت غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. بىز خۇداغا نالە قىلىپ، زۇلمەتكە كىرىش ئۈچۈن يول بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. شۇ پەيتتە غايىبتىن «ئەي ئىنسانلار، ئادەم ئۈچۈن ئۇ يەرگە كىرىش بىر نۆۋەت نېسىپ بولىدۇ» دېگەن سادا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى ھېچ نەرسە ئاچىقمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. مەن بولسام كۆپرەك ئاچىقمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىپ ئولتۇرىمەن.



ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ بىر تاغقا يېتىپ بارغاندا قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپتۇ. ئىسكەندەر زۇلمەت مۇشۇ بولسا ئەجەب ئەمەس، دەپ

ئويلاپ، ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ ئۆزى ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. ئېيتقاندەك، بۇ زۇلمەت ئىكەن. ئۇ بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن سۇغا دۇچ كەپتۇ. قولنى سۇغا سالغانىكەن، ھېلىقى كىشى ئېيتقاندەك سىلىق تاشلار ئۇرۇنۇپتۇ. ئىسكەندەر، ماڭا دەپىن - دۇنيا كېرەك ئەمەس، مەن مۇشۇ سۇدىن ئېلىۋالاي، دەپ يېنىدىكى كوزىغا زۇلمەتنىڭ سۈيىنى تولدۇرۇپ ئاچىقىپتۇ. شۇ ھامان دەرەختىن :«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى شاھى ئىسكەندەر» دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. ئىسكەندەر: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ-دە، دەرھال ئېتىنى ئۇ دەرەختىن يېشىپ باشقا دەرەخكە باغلاپ، ھېلىقى ئاۋاز چىققان دەرەخكە قايتا نەزەر سېپتۇ. بۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر كىشى ياتقانىكەن.

— سىز كىم بولىسىز؟— دەپ سوراپتۇ ئىسكەندەر ئۇ كىشىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

— ئەپۇ قىلىڭ، شاھئالەم، ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ئىلاجسىزمەن. مەن دەرەخ ئادەم بولىمەن،— دەپتۇ ئۇ كىشى.

— بۇ قانداق گەپ، دەرەخ ئادەممۇ بولامدۇ؟— دەپ قايتا سوئال قويۇپتۇ ئىس-كەندەر. ئۇ كىشى:

— مەن ئەسلىدە ئادەم ئىدىم. زۇلمەتكە كىرىپ زۇلمەتنىڭ سۈيىدىن ئىچىپ چىققان-دىم. ھازىر بۇ ۋەقەگە مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەتتى، ئۆلمىدىم. كېيىن بىلسەم، زۇلمەتنىڭ سۈيى ئابىھايات دېگەن سۇ ئىكەن. ماڭا قاراڭ، بەدىنىمدىن دەرەخ ئۆسۈپ چىقتى، لېكىن تېنىمدىن جېنىم چىقمىدى. دەرەخ ئادەم بولۇپ قالدىم. ئەگەر شۇ سۇنى ئىچمىگەن بول-سام، بۇنداق كۈنگە قالماس ئىدىم،— دەپتۇ، ئاندىن ئىسكەندەردىن،— سىزمۇ زۇلمەتكە كىرىپ چىقتىڭىزمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.



— ھەئە،— دەپتۇ ئىسكەندەر ۋە ئۆزىنىڭ بىر قاچا سۇ ئاچىق-قانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەگەر شۇ سۇنى ئىچمىگەن بولسىڭىز، تۆكۈۋېتىڭ، ئىچسىڭىز، ماڭا ئوخشاش باقىي ئالەمگە سەپەر قىلالماي، مەڭگۈ ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالىسىز،— دەپ مەسلە-ھەت بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

ھەززىتى ئىسكەندەر كوزىدىكى سۇنى نېرىراقتا تۇرغان بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋېتىپتۇ. دەرەخكە بىر قاغا قونۇپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇ قاغا سۇ تۆكۈلگىنىنى كۆرگەن ھامان ئوق-تەك ئۇچۇپ چۈشۈپ سىڭىپ بولمىغان سۇنى ئىچىۋاپتۇ. ئىس-كەندەر سۇ چاچقان دەرەخ توغراق ئىكەن. شۇڭا، توغراق بى-لەن قاغا ئابىھايات سۈيىنى ئىچكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەر ئىمىش.

# ھۆپۈپ ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

## ھۆپۈپنىڭ قارغىشقا ئۇچرىشى

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، ئۇچار قاناتلار ئارىسىدا بۈركۈت پادىشاھ، قاغا ۋەزىر،
ھۆپۈپ قازى ھەم مۆھۈردار دىۋانبېگى ئىكەن. ھۆپۈپ ئىنتايىن تەقۋادار، ئىلىمدە كا-
مالەتكە يەتكەن ئالىم بولغاچقا، بۈركۈت پادىشاھ ھۆپۈپكە زور شانۇشەۋكەت ئاتا قىپ-
تۇ، چۈنكى بۈركۈت پادىشاھ بىلىملىكلەرگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن، ئۇلارنى ئەتى-
ۋارلايدىكەن ۋە ئۇلارغا كۆيۈنىدىكەن. قاغا ۋەزىرمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاجايىپ گۈزەل،
چىرايلىق ئىكەن، ئەمما چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئىچى تار، كۆڭلى قارا ئىكەن، سۇيى-
قەست، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن كۈنىنى ئۆتكۈزىدىكەن. بۈركۈت پادىشاھ ھۆپۈپ موللامغا
بەكمۇ ئامراق ئىكەن، پادىشاھلىقنىڭ ھەرقانداق زور
ئىشلىرىنى ھەل قىلىشتا ھۆپۈپنىڭ پىكرىنى ئالىدىكەن
ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىدىكەن. بۇ ئىش
قارا نىيەت ۋەزىر قاغىنىڭ ئۇغىسىنى تېخىمۇ قايناتىپتۇ.
ئۇ ھىيلە ـ مىكىر خالتىلىرىغا پىتنە ـ پاسات دەستۇر-
لىرىنى توشقۇزۇپتۇ.



قۇشلار ئىچىدە سىغىزخان ئۆزى چىرايلىق بولسى-
مۇ، تۇراقسىز، شالالاق قۇش ئىكەن. قارا نىيەت ۋەزىر
قاغا سىغىزخاننى مىڭبىر ھىيلە ـ مىكىر بىلەن قولغا
كەلتۈرۈۋاپتۇ، سىغىزخان ئارقىلىق ئۇچار قاناتلار ئا-
رىسىغا پىتنە ـ پاسات، تەپرىقە ـ نىزا، جېدەل ـ ما-
جىرا ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋېتىپتۇ، بۇ ئارقىلىق بۈركۈت
پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى پادىشاھ بولۇشنى
كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۈركۈت پادىشاھ ئۆزىنىڭ يېقىن مۇلازىم - سىپاھلىرىنى ئېلىپ شىكارغا مېڭىپتۇ. شىكارغا مېڭىشتىن بۇرۇن ھۆپۈپ مۆھۆردارنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ بىئارام بولۇپ، ھەسەتتىن ئىچىدە ئوغا - زەھەر قاينىغان قاغا ۋەزىر ئۆزىنىڭ شۇم نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن شېرىكى سېغىزخان ئارقىلىق ھۆپۈپ موللامنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپتۇ، ئۇنداق قىلىپ - مۇنداق قىلىپ ئاخىر ھۆپۈپ موللامنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرۇپتۇ. ھۆپۈپ موللامنىڭ كۆزى تورلىشىپ، يولدىن ئېزىپتۇ، ئۇنىڭ قەلەمگە ماھىرلىقى ئاخىر قارا نىيەت قاغا ۋەزىر ئۈچۈن ئىشلەپتۇ.

بۈركۈت پادىشاھنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلانغان قاغا ۋەزىر ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە ئىلتىپات قىلىپ، ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارغا ھۆپۈپ موللام ئارقىلىق نامە پۈتۈپ، بۈركۈت پادىشاھقا سۇنۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپتۇ. ھۆپۈپ موللام كېچىسى تۆھمەتنامىنى يازسا، كۈندۈزى بۈركۈت پادىشاھنىڭ قەھر - غەزىپىدىن قورقۇپ قۇيرۇقىدا ئۆچۈرىدىكەن.

بۈركۈت پادىشاھ ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قاغا ۋەزىرنىڭ زۇلمىغا چىدىيالماي قالغان باشقا قۇشلار بىرلىشىپ ئەرز قىپتۇ. نەتىجىدە، قاغا ۋەزىر بىلەن ھۆپۈپ تەييارلاپ قويغان نامىلىرىنى شاھقا سۇنالماپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بۈركۈت پادىشاھ قاغىنى «تېشىڭمۇ ئىچىڭگە ئوخشاش قارا بولۇپ كەتسۇن ئىلاھىم» دەپ، ھۆپۈپ موللامنى «ئۆمۈرۋايەت تۆھمەت تۇمشۇقۇڭدا نامە پۈتۈپ، قۇيرۇقۇڭدا ئۆچۈرۈپ ئۆتكەيسەن!» دەپ بەد دۇئا قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاغا بىلەن ھۆپۈپ راست شۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىدىن رەنجىگەن بۈركۈت پادىشاھ پادىشاھلىقنى تاشلاپ ئېگىز تاغلارنى، قىيالارنى، چوققىلارنى ماكان تۇتۇپ، كۆكنىڭ قەرىدە ئەركىن قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىپ ياشاپ ئۆتۈپتۇ.

## ھۆپۈپ نېمىشقا سېسىق پۇرايدۇ؟



ھۆپۈپ ئەسلىدە ئىلىم ـ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن موللا ئىكەن. موللا بولغاندىمۇ خېلى ـ خېلى موللىلار بىلمەيدىغان «ئىسمى ئەزەم» دەيدىغان خاسىيەتلىك سۆزنى مۇكەممەل بىلىدىغان موللا ئىكەن. بۇ خاسىيەتلىك سۆزنى بىلگۈچى كىشى ھەرقانداق ئىشتا غالىب كېلىدىكەن، بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۇنى ئوقۇسىلا ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كېتىدىكەن ياكى بىرەر تەلەپ ـ ئىجابىتى بولسا، دەرھال ھەل بولۇپ مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزنى ئۆگىنىۋېلىشقا ھەممە موللا قىزىقىدىكەن.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە «ئىسمى ئەزەم»نى بىلىدىغان بۇ موللىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ ئۆزلىرىگە ئاشۇ خاسىيەتلىك سۆزنى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. بىراق بۇ موللا ئىچى تار، ھەسەتخور ئىكەن. ئەگەر سۆزنى بۇلارغا ئۆگىتىپ قويسام ئۇلار مەندىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭا ئۇ سۆزنى ھېچكىمگە ئۆگىتىپ قويماپتۇ. كۆپچىلىك غەزەپكە كېلىپ: «بىلىمىڭ ئىچىڭدە سېسىپ كەتسۇن ئىلاھىم!» دەپ قارغىۋېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ موللا بىر كېچىدىلا ھۆپۈپكە ئايلىنىپ قاپتۇ. ھازىرقى ھۆپۈپلەرنىڭ تاجىسى ئەسلىدە ئاشۇ موللىنىڭ بېشىدىكى سەللە ئىكەن. بىلىمى ئىچىدە سېسىپ كەتكەچكە ھۆپۈپ سېسىق پۇرايدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

## ھۆپۈپنىڭ «ھۇپ.. ھۇپ!» دېگىنى نېمە دېگىنى؟



ھۆپۈپ ئەسلىدە پۈتكۈل ئالەمگە پادىشاھ بولغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرى ئىكەن. ئۇنىڭ تاجى ئاشۇ ۋەزىرلىك مەنسىپىنىڭ يالدامىسى ئىكەن. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان باشقا قۇشلارغا قېتىلماي ئايرىم يۈرىدىكەن. كېچىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن يەكلەنگەن ھۆپۈپ قارىياغاچنىڭ خىلۋەت كاۋاكلىرىغا كىرىۋېلىپ دۇرۇت ئوقۇيدىكەن. ئۇ داۋاملىق خۇدانى يادلاپ: «ھۆپۈپ! ھۆپۈپ!..» دەپ زىكرى سوقىدىكەن. ئۇنىڭ «ھۆپۈپۈپ» دېگىنى «ئاللا! ئاللا!» دېگىنىمىش.

## كەپتەر ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر

### كەپتەرنىڭ پۈتۈلمىشى

ئىلگىرى پۈتكۈل جاھاننى سۇ بېسىپ كېتىپ، پەقەت نۇھ ئەلەيھىسسالاملا كېمىسى بىلەن سۇنىڭ ئۈستىدە قاپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سۇ ئۈستىدە يۈرۈپ، ئاخىر بىرەر قۇرۇق يەر تېپىپ تىرىكچىلىك قىلماقچى بوپتۇ ۋە كەپتەر بىلەن قاغىنى تىرىكچىلىك قىلغۇدەك قۇرۇق يەر بار - يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇ يەر يۈزىگە سىڭىپ كېتىپتۇ. قاغا شۇ ئۇچقانچە بىر نەچچە كۈن ئۇچۇپلا بىر ئەخلەتلىككە چۈشۈپ شەخسىي تىرىكچىلىككە بېرىلىپ كېتىپتۇ. كەپتەر بولسا كېچە - كۈندۈز جاپا چېكىپ، جاھاننى بىر چۆرگىلەپ چىقىپ، ئاخىر بىر سىرىق تۇپراقلىق يەرنى تېپىپ يەرگە چۈشۈپ كۆرۈپتۇ. كەپتەر يەرگە چۈشۈشى بىلەن ئىككى پۇتى سىرىق تۇپراققا پېتىپ قاپتۇ ۋە ئۇ يەردىن ئۇچۇپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كەپتەرنىڭ ئىككى پۇتى سىرىق بولۇپ قالغانىكەن. قاغا بولسا ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن قايتىپ كەلمەپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام كەپتەرگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنىڭ زىيىنى يەتمەسلىكى، قورسىقى توق تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ، قاغىنى بولسا نىجاسەت چوقۇلاپ ياشىغايسەن، دەپ قارغاپتۇ.



شۇنىڭدىن كېيىن كەپتەر ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىپ، خۇداغا زىكرى قىلىپ تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ. قاغا بولسا قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا تاغمۇتاغ يۈرۈپ، ئىنتايىن خارچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، نىجاسەت چوقۇپ يۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ گۆشىنى ئىتمۇ يېمەيدىكەن.

# كەپتەر نېمىشقا توختىماي بۇقۇلدايدۇ؟

كۆنلەرنىڭ بىرىدە كەپتەر ئۆز ئۇۋىسىدا يېڭى چىقارغان ئون دانە تۇخۇمنى بېسىپ ياتقانىكەن، بىر مېكىيان كېلىپ:

— تۇخۇمدىن نەچچىنى بېسىپ ياتتىڭ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئون تۇخۇم چىقارغاندىم. شۇنى بېسىپ يېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ كەپتەر.

مېنىڭ يوغان ئىككى تۇخۇمۇمغا ئۇششاق ئون تۇخۇمۇڭنى تېگىشەمسەن؟— دەپتۇ مېكىيان.

كەپتەر دەسلەپتە ئۇنىماپتۇ، كېيىن ماقۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىككىسى ئۆز تۇخۇملىرىنى تېگىشىپتۇ. كېيىن كەپتەر ئۆزىنىڭ مېكىياننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ. چۈنكى مېكىياننىڭ ئىككى تۇخۇمى چوڭ بولغان بىلەن ئۇنى باسسا ئىككىلا چۈجە چىقىپتۇ. بىراق مېكىيان ئون كەپتەرگە ئىگە بولۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەپتەر يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ تاكى مۇشۇ كۈنگىچە توختىماي بۇقۇلدايدىكەن. ئۇنىڭ «بۇق - بۇق - بۇق» قىلغىنى «ئون تۇخۇمنى قايتۇرۇپ بەر، مەن ياۋاشنى ئالداپ كېتىپسەن، قايتۇرۇپ بەر، قايتۇرۇپ بەر!» دېگىنىمىش.



# پاختەك ھەققىدە ئەپسانىلەر

## پاختەككە ئايلانغان بەختىخان

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى خىلۋەت بىر يېزىدا ناھايىتى ئاچچىقى يامان بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان بولغان بىلەن ئوقۇغان ئەپسۇنلىرى شۇ چاغدىلا ئۈنۈم بېرىدىغان، نەپسى ئوت بىر تەقۋادار بايكەن. ئۇنىڭ بەختىخان ئىسىملىك بويىغا يەتكەن چىرايلىق بىر دېدىكى بار ئىكەن. ئۇنى باينىڭ ئۆيىدىكىلەر كەمسىتىپ «بەختەك» دەپ چاقىرىدىكەن. ئۇ كۈنبويى باينىڭ ئاش-تامىقىنى ئېتىدىكەن، كىر-قاتلىرىنى يۇيىدىكەن. سۈيىنى توشۇيدىكەن. ئىشقىلىپ بىردەممۇ بىكار تۇرماي ئىشلەيدىكەن. لېكىن باي ئۇنىڭدىن يەنىلا رازى بولمايدىكەن. بەختىخان ئۆز ئىسمىنىڭ خاتا قويۇلۇپ قالغانلىقىدىن مۇڭلىنىپ، دائىم پىنھاندا ياش تۆكىدىكەن. ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يىگىتى بولۇپ، ئۇمۇ يەنە بىر مەھەللىدىكى باينىڭ مالىيى ئىكەن. ئۇلار پۇرسەت تېپىپ ئۆزئارا سىردىشىدىكەن، مۇڭ تۆكۈشىدىكەن، بۇ قارا كۈنلەردىن قانداق قۇتۇلۇشنى مەسلىھەتلىشىدىكەن. لېكىن ئايىغىنى چىقىرالمايدىكەن. ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ بىر-بىرىنى ئىزدىشىپ، پىنھانلاردا كۆرۈشۈپ يۈرگىنى ھېلىقى نامەرد باينىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قاپتۇ. ئەسلى باينىڭ مەقسىتى ئۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىش بولۇپ، بەك ئاچچىقلانغان باي بەختىخاننىڭ كەينىگە پايلاقچى قويۇپ، ئۇنى كۆزىتىشكە قويۇپتۇ. بۇ ئىشلاردىن بىچارە ئاشىق-مەشۇقلار خەۋەرسىز ئىكەن.

بىركۈنى بەختىخان بويىغا چىرايلىق شارپىسىنى ئوراپ، سوغىسىنى كۆتۈرۈپ، سۇغا چىقىپتۇ. ئۇ سۇ بويىدا بۇياق-بۇياققا قاراپ، يىگىتنى ئىزدەپتۇ. دېگەندەك يىگىتمۇ باينىڭ ئېتىنى سۇغارغىلى سۇ بويىغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىنھاندا بىردەم مۇڭدىشىپتۇ. بۇنى پايلاپ تۇرغان ماراقچى دەرھال بايغا خەۋەر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن



باي دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قول تۇتۇشۇپ، مۇڭدىشىپ تۇر-
غانلىقىنى كۆرۈپ، ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ-دە، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەپ بەختىخانغا قاراپ:

— سۇف!— دېگەنىكەن، بىچارە قىز شۇئان بىر قۇشقا ئايلىنىپلا يىگىتنى بىرنەچچە
چۆرگىلىگەندىن كېيىن يىراققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن يىگىت:

— ئاھ، بىچارە بەختىخان!— دەپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پات-پات بۇ مەھەللىگە ھېلىقى قۇش كېلىپ، مۇڭلۇق سايرايدىغان
بولۇپ قاپتۇ. بىچارە ئاشىق يىگىت بولسا، ئۇنىڭ دەردىدە ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. كىشى-
لەر بايغا لەنەتلەر ئوقۇپتۇ. ئىككى ياشنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپتۇ. ئۇ قۇشنىڭ
ئىسمى «بەختەك»بوپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «پاختەك»كە ئۆزگەر-
گەنىكەن. پاختەكنىڭ بوينىدىكى ئالا - بۇلماچ پەيلەر بولسا بەخ-
تىخاننىڭ ھېلىقى چاغدا بوينىغا سالغان شارپىسىمىش.



## «پاختەك»نىڭ قىسمىتى

بۇرۇنقى زاماندا پاختەك خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىنى ئىكەن. پاختەكنىڭ ئەسلىي ئىسمى پەختىخان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىزىر ھەممە بالىلىرىنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ، ھەمداستىخان بوپتۇ ۋە ئۆزئارا ھال ـ مۇڭ بولۇشۇپتۇ. تاماق تەييار بوپتۇ. پەختىخان قولىغا سۇ قۇيماق بولۇپ، ئۆۋرىقنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، لۆڭگىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن خىزىرنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپتۇ. سۇ قايناق بولغاچقا خىزىرنىڭ قولى كۆيۈپ قاپتۇ. خىزىر ۋارقىراپ تاشلاپتۇ ۋە دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئىلاھىم پەختىخان بولماي، پاختەك بولۇپ كەتكەيسەن!— دەپ قارغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەختىخان پاختەككە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. مۈرىسىدىكى لۆڭگىمۇ شۇ پېتى قالغانىكەن. ھازىرقى پاختەكلەرنىڭ بويندىكى ئاق بەلدەم ئەنە شۇ چاغدا قالغان لۆڭگە ئىكەن.



## پاختەك نېمە ئۈچۈن كۆل رەڭ بولۇپ قالغان؟



بۇرۇنقى زاماندا پاختەك كېلىشكەن چىرايلىق قۇشلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنىڭ كىيىمى ناھايىتى چىرايلىق، قۇيرۇقى ئۇزۇن، تۇمشۇقى قىپقىزىل بولۇپ، بەستىگە بەكمۇ يارىشىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ كىيىمىگە قاراپ باشقا قۇشلارنىڭ زوقى كېلىدىكەن. قىرغاۋۇلنىڭ كىيىمى كۆك رەڭ، سەت بولغاچقا، ئۇ دائىم: «مېنىڭ كىيىمىم نېمىشقا پاختەكنىڭكىدەك چىرايلىق بولۇپ قالمىغان بولغىيدى» دەپ ھەسەت قىلىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، قىرغاۋۇل پاختەك بىلەن دوست بوپتۇ. ئۇلار دائىم بىللە ئوينايدىكەن، بىر - بىرىدىن زادىلا ئايرىلالمايدىكەن. بىر كۈنى قىرغاۋۇل:

— دوستۇم پاختەك، تاغنىڭ ئارقىدا سۈيى سۈپسۈزۈك بىر كۆل بار ئىكەن. شۇ يەرگە بېرىپ راسا يۇيۇنۇپ، بىر راھەتلىنىپ كەلسەكچۇ! — دەپتۇ.

ئاق كۆڭۈل پاختەك قىرغاۋۇلنىڭ قورسىقىدا نېمە جىن بارلىقىنى بىلمىگەچكە:

— بارساق بارايلى دوستۇم، يوق ئەمەسسە، — دەپلا مېڭىپتۇ.

كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندە پاختەك كىيىملىرىنى سېلىپ قويۇپ سۇغا سەكرەپتۇ. ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇنداق پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان قىرغاۋۇل ئۆزىنىڭ سەت، كۆلرەڭ كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ، پاختەكنىڭ چىرايلىق كىيىمىنى كىيىۋېلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىرھازادىن كېيىن پاختەك ئەھۋالنى چۈشىنىپ ئۇنى قوغلاپتۇ، لېكىن تۇتالماپتۇ. پاختەك ئىلاجىسىز قىرغاۋۇلنىڭ كۆل رەڭ كىيىمىنى كىيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پاختەك دەرەخ شېخىغا ۋە تام ئۈستىگە قونۇۋېلىپ: «خەپ توختاپتۇ، خەپ توختاپتۇ!» دەپ قىرغاۋۇلنى قارغايدىكەن. پاختەك مانا مۇشۇنداق سەۋەب بىلەن ئۆزىنىڭ چىرايلىق كىيىمىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، كۆل رەڭ كىيىم كىيىپ قالغانىكەن.

## پاختەكنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن كالتە بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا پاختەكنىڭ قۇيرۇقى سېغىزخاننىڭ قۇيرۇقىدەك ئۇزۇن ھەم چىرايلىق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پاختەك تۈلكە بىلەن دوست بولۇپتۇ. ئۇلار دائىم بىللە ئويناپ، بىللە يۈرۈشىمۇ، لېكىن تۈلكىنىڭ نىيىتى بۇزۇقكەن. ئۇ بىر ئامال قىلىپ پاختەكنى يەۋېتىش غەرىزىدە ئىكەن. تۈلكىنىڭ بۇ قارا نىيىتىنى ساددا پاختەك بىلمەيدىكەن. بىر كۈنى تۈلكە:

— دوستۇم پاختەك، مەن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان بىر نەرسە تېپىپ يېيەلمەي بەك ئاچ قالدىم، ئەگەر ھەقىقىي دوست بولساڭ قورسىقىمنى بىر تويغۇزۇپ قويساڭ بولاتتى،— دەپتۇ.



— بولىدۇ، قورسىقىڭنى تويغۇزاي. بۇنىڭغا ئامال بار. دىققەت قىلىدىغىنىڭ، ھەر كۈنى مۇشۇ يەردىن بىر قىز ئېتىزدا ئىشلەيدىغان دادىسىغا تاماق ئېلىپ ماڭىدۇ. ئىككىمىز مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرايلى. قىز تاماق كۆتۈرۈپ ئۆتكەندە مەن ئۇنى ئالداپ ئۆزۈمگە ئەگەشتۈرۈپ نېرى ئېلىپ كېتەي. سەن ئۇنىڭ تامىقىنى يەۋالغىن، — دەپتۇ پاختەك.

ئۇزاق ئۆتمەي قىز پىشۇرغان گۆش ئورالغان لېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەپتۇ. پاختەك دەرھال قىزنىڭ ئالدىغىلا ئۇچۇپ چۈشۈپ بىردەم سەكرەپ، بىردەم يورغىلاپ مېڭىپ، بىردەم قاناتلىرىنى قېقىپ ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. قىز بۇنىڭغا قىزىقىپ قولىدىكى لېگەننى يەردە قويۇپتۇ-دە، پاختەكنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ مېڭىپتۇ. ئېرىقنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان تۈلكە دەرھال چىقىپ لېگەندىكى گۆشنى پاك - پاكىز يەپ بوپتۇ.

— قانداق ئاغىنە، قورسىقىڭ تويدىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ پاختەك.

— قورسىقىمغۇ تويدى ئاغىنە. ئەمدى ئانچە - مۇنچە كۆڭۈل ئاچايلى. ھەقىقىي دوستۇم بولساڭ مېنى بىر كۈلدۈرۈپ باقساڭچۇ!— دەپتۇ تۈلكە.

ئەتىسى پاختەك تۈلكىنى بىر ئۆينىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ:

— تۈلكە ئاداش، سەن مۇشۇ يەردە مۆكۈپ تۇر، ھازىرلا سېنى كۈلدۈرىمەن، — دەپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپ كالىسىنى ساغقىلى تۇرۇپتۇ. پاختەك «پۇر-رىدە» ئۇچۇپ كېلىپ ئايالنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. ئايال ئۇنى ئۇچۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ئۆيدىن ئېرى يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— مىدىرلىماي ئولتۇرغىن. مەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، — دەپتۇ-دە، قولىدىكى كالتەك بىلەن پاختەكنى بىر ئۇرغانىكەن، پاختەك ئۇچۇپ كېتىپ كالتەك ئايالنىڭ بېشىنى يېرىۋېتىپتۇ.

چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدا مۆكۈپ ياتقان تۈلكە خۇشال بولۇپ بىرھازا كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— قانداق، كۈلدۈردۈممۇ؟— دەپتۇ پاختەك.

— قالتىس كۈلدۈرۈۋەتتىڭ دوستۇم، ئەمدى مېنى بىر قورقۇتۇپ باقساڭ قانداق؟— دەپتۇ تۈلكە.

— بولىدۇ. بۇ ئاسان، — دەپتۇ پاختەك، — ئەتە مەن بىلەن بىللە ماڭسەن، لېكىن كۆزۈڭنى يۇمۇۋالسەن، مەن قاچان ئاچ دېگەندە ئاچسەن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ.

ئەتىسى پاختەك كۆزى يۇمۇلغان تۈلكىنى باشلاپ مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە:

— دوستۇم، ئەمدى كۆزۈڭنى ئاچ، — دەپتۇ. تۈلكە كۆزىنى ئاچقانىكەن، تايغان-

لىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، قارچىغىلىرىنى قوللىرىغا قوندۇرۇۋالغان بىرمۇنچە ئوۋچىنىڭ ئال-
دىغىلا كېلىپ قاپتۇ. بۇلار تۈلكىنى كۆرۈپلا تايغانلىرىنى قويۇۋېتىپتۇ، تۈلكە ئۇلار -
تىرىلىشقىچە قارىماي قېچىپتۇ. تۈلكە ئۇلاردىن ناھايىتى تەستە قۇتۇلۇپتۇ، غەزەپ ئاچچى-
قى كەلگەن تۈلكە:

— سەن مېنى مۇشۇنداق قورقۇتامسەن؟ سەندىن ھەرگىز ۋاپا كەلمەيدىكەن بۇ-
زۇق!— دەپ پاختەككە قاراپ ئېتىلىپتۇ-دە، كاپپىدە چىشلەپ ئاغزىغا ئېلىۋاپتۇ.

— ئاغىنە، توختاپتۇر!— دەپتۇ پاختەك دەرھال تۈلكىنى ئالدىماقچى بولۇپ، —
مەن سەندىن ئۆزۈم بىلمەيدىغان ئۈچ نەرسىنى سورىۋالاي. شۇنىڭغا جاۋاب بەرگەندىن
كېيىن ئاندىن مېنى يەۋەتسەڭمۇ مەيلى.

— قېنى، نېمىنى سورايسەن!— دەپ ۋارقىراپتۇ تۈلكە.

— ئات قانداق كىشنەيتتى، ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

تۈلكە پاختەكنى چىشلەپ تۇرۇپ ئاتنىڭ كىشنىشىنى دوراپ بېرىپتۇ.

— كالا قانداق مۆرەيتتى؟

تۈلكە يەنە ئاغزىنى ئاچماي، دىمىقى بىلەن كالىنىڭ مۆرىشىنى دوراپ بېرىپتۇ.

— قويچۇ، قوي قانداق مەرەيتتى؟

تۈلكە ئېسىدە يوق «مە...» دېگەنىكەن، پاختەك «پۇرررىدە» ئۇچۇپ كېتىپتۇ. تۈل-
كىنىڭ ئاغزىدا پەقەت پاختەكنىڭ بىر تۇتام قۇيرۇقىلا قاپتۇ. پاختەكنىڭ قۇيرۇقى شۇ-
نىڭدىن كېيىن كالتە بولۇپ قالغانىكەن.

## پاختەكنىڭ بويىندا نېمىشقا قارا سىزىق بار؟

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر تەقۋادار ئايال ئۆتكەنىكەن. بۇ ئايالنىڭ بىر يالغۇز ئۆ-
گەي قىزىدىن بۆلەك ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. ئۇلار يىپ ئېگىرىپ سېتىپ، غېرىبچىلىقتا
كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

بىر كۈنى ئايالغا ئەلگەك لازىم بولۇپ قېلىپ قىزىنى قوشنىسىنىڭكىدىن ئەلگەك ئې-
لىپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. قىز كىرىپ كېتىپ چىقماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئايال قاراپ
باقاي نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرسە، قىزى ھويلىدا ئۇزۇن
كۆڭلەك كىيىپ، يۈزىگە ياغلىق ئارتىپ ئولتۇرغۇدەك، بۇنى كۆرۈپ ئايال ھەيران بو-
لۇپ:

— بۇ نېمە ئىش؟— دەپ سوراپتۇ. ئەسلىدە قىز ئەلگەككە چىقىپ قوشنىسىنىڭ



ئوغلىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ توي قىلدۇرغانىكەن. ئايال ناھايىتى غەزەپلىنىپ قىزىنى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ ھەم قىزىغا:

— مەن سېنى كىچىك ۋاقتىڭدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلسام، سەن مەندىن سورىماي ئەرگە تېگىۋالدىڭمۇ،— دەپ ئاچچىقلاپتۇ ھەم ئەلگەك بىلەن قىزىنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇرغانىكەن، ئەلگەك قىزىنىڭ بوينىغا كىيىلىپ قاپتۇ. ئايال دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھايۋان بولۇپ كەتكەيسەن، ئىلاھىم،— دەپ قارغاپتۇ. قىز شۇ ھامان بىر پاخ-تەككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ھېلىقى ئەلگەك ئۇنىڭ بوينىدا قارا بەلگە بولۇپ قاپتۇ. پاختەكنىڭ بوينىدىكى قارا بەلگە مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

بۇ رىۋايەتتىن «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ» دېگەن تەمسىل قالغانىكەن.

# شەپەرەڭ ھەققىدە قىزىق ئەپسانىلەر

## شەپەرەڭ نېمە ئۈچۈن كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ؟

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بارلىق ئۇچار قانات، جان - جانىۋارلار بىر يەرگە جەم بولۇشۇپتۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلغاندا ئۆز تۇرمۇشلىرىنى تېخىمۇ باياشات، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزگىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. بىرى ئۇنى دەپتۇ، بىرى بۇنى دەپتۇ. ھەر خىل پىكىر - تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپتۇ. لېكىن ھېچقايسىسى لايىق تېپىلماپتۇ. ئاخىر كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك بىرى سۆز قىلىپ:

— مېنىڭچە، دۇنيانىڭ قوينى كەڭ، بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز، كۆرگىنىمىز ناھايىتىمۇ ئاز، ناھايىتىمۇ چەكلىك. بىز پەقەت ئۆزىمىز ياشاپ تۇرغان مۇشۇ يېقىن ئەتراپنىلا بىلىمىز. يىراقىراق جايلارغا بېرىپ باقمىدۇق. بەلكىم كۆزىمىزگە ئاران - ئاران كۆرۈنىۋاتقان ئاۋۇ تاغنىڭ نېرىقى تەرىپى بۇ يەردىنمۇ ئوبدان، گۈزەل بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مېنىڭ پىكرىم، بىز بىرلا يەرنى ئايلىنىپ يۈرۈۋەرمەي، بىر - ئىككىيلەننى شۇ ياقلارغا ئەۋەتەيلى، ئۇلار بېرىپ ھەممە يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلسۇن. قەيەرنىڭ سۈيى مول، ئوزۇقى ئەلۋەك، مەنزىرىسى بەلەن بولسا بىزگە كېلىپ خەۋەر قىلسۇن. بىر قىسمىمىز كۆچۈپ بېرىپ ماكانىمىزنى كېڭەيتەيلى. مۇشۇنداق قىلساق يېمەك - ئىچمەكتىن قىينالمايمىز، تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ مەسلىھەت ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ. ئاخىر خېلى تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن يىراقتىكى تاغ - يايلاقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىشكە مۈشۈكياپىلاق بىلەن شەپەرەڭنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپتۇ.

كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. مۈشۈكياپىلاق بىلەن شەپەرەڭ شۇ كەتكەنچە ئىككىنچى قايتىپ كەلمەپتۇ. كۆپچىلىك ئۇلار بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپ قالدىمىكىن، دەپ بەكمۇ ئەنسىرەپتۇ. ئاخىر بولماي ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

ئۇلار قاتمۇقات تاغلاردىن ئېشىپ، بىر يەرگە كەلسە، بۇ ئىككىسى ناھايىتى گۈزەل بىر ياي لاقتا بەھۇزۇر تاماشا قىلىشىپ يۈرگەنىكەن. كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ:

— بىز ئىككىڭلاردىن بەكمۇ ئەنسىرىدۇق. نېمە ئۈچۈن ۋاقتىدا قايتىپ كەلمەي، جىمجىتلا يوقاپ كېتىسىلەر؟— دەپ سوراپتۇ.

بۇرادەرلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان مۈشۈكياپىلاق بىلەن شەپەرەڭ خىجىللىقتىن زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپلا قېلىشىپتۇ. ئەسلىدە ئۇلار تاغلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇ گۈزەل يايلاقنى ئۇچراتقاندىن كېيىن: «بۇ يەر بەكمۇ ئېسىل يەر ئىكەن، ناۋادا كۆپچىلىككە خەۋەر قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە كېلىۋالىدۇ-دە، بىز زىيان تارتىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ يەرنى ئىككىمىزلا ئىگىلەپ، ئۆمۈرۋايەت راھەت - پاراغەتتە ياشاۋېرەيلى، قالغانلار نېمە بولسا بولمامدۇ!» دېيىشىپ قارا نىيەتلىك قىلىشقانىكەن.

كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ بۇ خىل رەزىل نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن بەكمۇ غەزەپلىنىپتۇ ۋە ئۇلارنى «نومۇسسىزلار»، «رەزىل شەرمەندىلەر» دەپ تىل - ئاھانەتكە كۆمۈۋېتىپتۇ، ھەتتا بەزى قۇشلار غەزىپىنى باسالماي ئۇلارنى چوقۇلاشقا باشلاپتۇ. دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولغان مۈشۈكياپىلاق بىلەن شەپەرەڭ مىڭ تەستە قېچىپ باشقا تەرەپكە كېتىشىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار يار - بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. كۈندۈزى سىرتقا چىقىپ ئۇزۇقلانساق باشقىلار كۆرۈپ قالدۇ، دەپ قورقۇپ، پەقەت كېچىسى ھەممە جانلىقلار ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىنلا ئوغرىلىقچە چىقىپ ئۇزۇقلىنىدىغان بولۇپ قالغانىكەن.



# شەپەرەڭ نېمىشقا يالغۇز ياشايدۇ ؟



بۇرۇنقى زاماندا قۇشلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان قاتتىق ئۇرۇش يۈز بەرگەنىكەن. لېكىن ھېچكىم ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشقانلىقىنى بىلمەيدىكەن.

شەپەرەڭ ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپنى قوللىشى لازىملىقىنىمۇ بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر كىم غالىب كەلسە شۇنىڭغا قوشۇلۇش قارارىغا كەپتۇ. شۇڭا ئۇ يىراقتا تۇرۇپ پەيت كۈتۈپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىگە قۇشلار غەلىبە قىلىدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇدۇل ئۇچۇپ بېرىپ قۇشلار توپىغا قوشۇلۇۋاپتۇ.

ــ سەن بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ــ دەپ ۋارقىراپتۇ بىر قۇش.

ــ سەن مېنىڭ قۇش ئىكەنلىكىمنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ قارا، مېنىڭمۇ سېنىڭكىگە ئوخشاش قانىتىم تۇرمامدۇ؟ــ دەپتۇ شەپەرەڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ئۇنداق بولسا، بۇياققا كەل، باشقىلارنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالماي ئۇرۇشقا قات-

ىناش، — دەپتۇ قۇش.

لېكىن ئۇشتۇمتۇت ئەھۋال ئۆزگىرىپتۇ. قارىغاندا قۇشلار يېڭىلىپ، ھايۋانلار غەلىبە قىلىدىغاندەك قىپتۇ. شەپەرەڭ پەيتنى قولدىن بەرمەي دەرھال قۇشلار توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ھايۋانلار تەرەپكە ئۇچۇپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇۋاپتۇ.

— سەن بىز تەرەپكە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن پايلاقچىلىق قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟— دەپ ھۆركىرەپتۇ ھايۋانلاردىن بىرى.

— سەن مېنىڭ ئۆز ئادىمىڭلار ئىكەنلىكىمنى بىلمىدىڭمۇ؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ھايۋانغۇ؟ ئىشەنمىسەڭ ئاغزىمدىكى ماۋۇ چىشلىرىمغا قاراپ باققىنا! قۇش دېگەننىڭ مېنىڭكىدەك چىشى بولامدۇ؟— دەپتۇ شەپەرەڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ.

— سەن كىمنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىسەن؟— دەپتۇ ھېلىقى ھايۋان ۋە غەزەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلاپتۇ، — كاززاپلىق قىلما! بايا بىز سېنىڭ قۇشلار تەرەپتە تۇرۇپ بىزگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقانلىقىڭنى كۆردۇققۇ، قېنى يالغان دەپ باقە، بىزنى ھەرگىزمۇ ئالدىيالمايسەن!

شۇنداق قىلىپ ھايۋانلار ئۇنى ئۆز ئارىسىدىن قوغلاپتۇ. ئۇ قېچىپ قۇشلار ئارىسىغا كەلگەنىكەن، ئۇلارمۇ ئارىسىغا ئالماي قوغلاپتۇ.

ھايۋانلار بىلەن قۇشلار ئۇزاق ئۇرۇش قىلىپ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىگەندىن كېيىن ئاخىر كېلىشىم قىلىشىپ، ئۇرۇشنى توختىتىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ شەپەرەڭنى ئىككى يۈزلىمە دېيىشىپ ئۆز توپلىرىغا قوشماپتۇ. شۇڭا شەپەرەڭ ئۆز ئۇۋىسىدىن ئايرىلىشتىن قورقىدىغان، كۈندۈزى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ پەقەت كېچىسىلا سىرتلارغا چىقىپ ئوزۇق ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

## شەپەرەڭ نېمىشقا كۈندۈزى پىنھان مۆكۈپ تۇرىدۇ؟

بىر كۈنى ئورمانلىقتا قاغا بىلەن سېغىزخان بىر باش قوناقنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. قاغا:

— قوناقنى ئاۋۋال مەن كۆردۇم. مەن يەيمەن،— دەيدىكەن. سېغىزخان:

— قوناقنى مەن ئاۋۋال كۆردۇم، ساڭا بەرمەيمەن،— دەيدىكەن. ئۇلار ئۇرۇشا - ئۇرۇشا بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ خېلى يىراقلاپ كېتىپتۇ. قوناق بىر چەتتە قاپتۇ.



قورسقى ئېچىپ دەرەخنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان بىر شەپەرەڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەم بىلەن ئاستا ئۇچۇپ كەپتۇ-دە، قوناقنى ئېلىپ كېتىپ يەپتۇ.

كەچقۇرۇن شەپەرەڭ خاپىچىلىقتا ئولتۇرغان قاغىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— قاغا ئاكا، بۈگۈن ئەتىگەندە سېغىزخان بىلەن جېدەللىشىپ قالغىنىڭنى مەنمۇ كۆردۈم. دېمىسىمۇ سېغىزخان ساڭا بەك يولسىزلىق قىلدى. ئەسلىدە قوناق سېنىڭ بولسا توغرا بولاتتى. بايا بىر ئىش بىلەن سېغىزخاننىڭ ئۆيىگە بارغاندىم، ئۇ يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ سېنى بەك سەت تىللاپ كەتتى. تېخى: ئۇ قارىۋاينىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن، دەۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇ تېخى شۇنداق دېدىمۇ؟— دەپتۇ قاغىنىڭ تېخىمۇ ئوغىسى قايناپ، — ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچە ئېتىشقىنىم ئېتىشقان!

شەپەرەڭ ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ، قاغىنىڭ قورسقىنى راسا كۆپۈرۈپ قويغاندىن كېيىن شۇ ھامان سېغىزخاننىڭ قېشىغا كەپتۇ-دە:

— سېغىزخان ئاكا، بۈگۈن ئەتىگەندە قاغا بىلەن جېدەللىشىپ قالغىنىڭنى مەنمۇ كۆردۈم. دېمىسىمۇ قاغا ساڭا بەك يولسىزلىق قىلدى. ئەسلىدە قوناق سېنىڭ بولسا توغرا بولاتتى. بايا بىر ئىش بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندىم، ئۇ يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ سېنى بەك سەت تىللاپ كەتتى، تېخى ئۇ ئالا چاپان ساراڭنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن، دەۋاتىدۇ،— دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سېغىزخان دەرغەزەپكە كېلىپ:

— ئۇ تېخى شۇنداق دېدىمۇ؟ ئالدىرىماي تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئەمدى بېرىمەن!— دەپ چىچاڭشىپ كېتىپتۇ.

شەپەرەڭ سېغىزخاننىمۇ راسا دەيدەيگە سېلىپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن سېغىزخان بىلەن قاغا بىر - بىرى بىلەن زىتلىشىپ، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئۇرۇشىدىغان بوپتۇ. ئاخىر بولالماي ئۇلار قۇشلار پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئەرز

قىلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئورمانلىقتىكى بارلىق قۇشلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بۇ ئىككىسىنى سوئال - سوراق قىپتۇ. قاغا پۈتۈن ئەھۋالنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرىدا سېغىزخاننىڭ يەنە ئۇنى «قارىۋاي» دەپ ھاقارەتلىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. سېغىزخانمۇ ئىشنىڭ ئۆتمۈشىدىن باشتىن - ئاياغ بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاغىنىڭ يەنە ئۇنى «ئالاچاپان ساراڭ» دەپ تىللىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— قاغىنى راست قارىۋاي دەپ تىللىدىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ پادىشاھ سېغىزخاندىن.

— بۇ يالغان. ئىللا - بىللا تىللىمىدىم، — دەپتۇ سېغىزخان.

— قاغا، سەن ئېيتقىنا، سېغىزخاننى راست ئالاچاپان ساراڭ دەپ تىللىدىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ پادىشاھ قاغىدىن.

— مەن ئۇنداق گەپنى قىلمىدىم، ئۇ ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ!— دەپتۇ قاغا.

— ئۇنداق بولسا، ھەر ئىككىڭلار گۇۋاھچى تېپىڭلار،— دەپتۇ پادىشاھ.

قاغا بىلەن سېغىزخان تەڭلا:

— بۇنىڭغا شەپەرەڭ گۇۋاھ، — دېيىشىپتۇ. كۆپچىلىك ھەممىسى شەپەرەڭگە قاراپتۇ. شەپەرەڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، لام - جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ ۋە خىجالەت بولغىنىدىن غىپپىدە قېچىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سىر ئاشكارىلىنىپتۇ. كۆپچىلىك قاغا بىلەن سېغىزخاننىڭ بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇپ قېلىشى شەپەرەڭنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغانلىقىدىن بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ھەممىسى شەپەرەڭگە لەنەت ئوقۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بارلىق قۇشلار شەپەرەڭدىن ئۆزىنى تارتىپتۇ. شەپەرەڭمۇ مۇشۇ سەتچىلىكتىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ كۈندۈزى زادىلا تالاغا چىقماي، پەقەت كېچىسى سىرتقا چىقىپ ئوزۇقلىنىدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

## شەپەرەڭنىڭ نىمە ئۈچۈن تۈك - پەيلىرى يوق؟

بۇرۇنقى زاماندا شەپەرەڭنىڭ بەدىنىدە بىر تالمۇ تۈك - پەيلەر يوقكەن. شۇڭا قىش پەسلى يېتىپ كېلىپ ھاۋا سوۋۇغاندا ئۇنىڭ كۈنى تەس بولۇپ قالىدىكەن، سوغۇققا چىدىماي تىترەپ كېچىچە يىغلاپ چىقىدىكەن. تۈك - پەيلىرى بار باشقا قۇشلار-

نىڭ ئۈنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ھەممىسى ئۆز پەيلىرىدىن بىر تالدىن بېرىپتۇ. شەپەرەڭ خىلمۇخىل قۇشلارنىڭ رەڭگارەڭ تۈك - پەيلىرىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن بەك گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا - بارا باشقا قۇشلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. «مەن ھەممىڭدىن چىرايلىق!» دەپ توختىماي پو ئاتىدىغان بوپتۇ.

ئۇنىڭ ھالىنىڭ چوڭلۇقىدىن، يۈزسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن بارلىق قۇشلار تۇشمۇتۇشتىن شەپەرەڭگە ئېتىلىپ كېلىپ، بۇرۇن ئۇنىڭغا بەرگەن تۈك - پەيلىرىنى تارتىۋاپتۇ. شەپەرەڭ يەنە بۇرۇنقىدەك تۈك - پەيسىز، ياغاق ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. قۇشلار ئىچىدە ئىزا - ئاھانەتكە قالغان شەپەرەڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقا قۇشلارغا كۆرۈنۈشكە پېتىنالماي، پەقەت قاراڭغۇ كېچىدىلا تالا - تۈزگە چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ.



# پاقا ۋە تاشپاقا ھەققىدە قىزىقارلىق رىۋايەتلەر

## پاقا نېمە ئۈچۈن ھاشاراتلارنى يەيدىغان، سازاڭ يەر بوشتىدىغان بولۇپ قالغان؟



بۇرۇنقى زاماندا پاقا بىلەن سازاڭ يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە نېمە سەۋەبتىندۇر ئىككىسى خېلى قاتتىق ئارازلىشىپ قاپتۇ.
— ھەرقانچە قىلساڭمۇ مەن سەندىن چوڭ ھەم سې-
مىز، مېنى ھېچنېمە قىلالمايسەن!— دەپتۇ پاقا يوغاند-
چىلىق بىلەن.
— تولا ۋالاقلىما!— دەپتۇ سازاڭمۇ خاپا بو-
لۇپ، — ھەي خام سېمىز لەقۋا، مېنىڭ بويۇمغا
قاراپ باققىنا، مەن سەندىن قانچىلىك ئۇزۇن
تۇرۇپتىمەن؟ ئەگەر ئۆرە تۇرىدىغان بول-
سام، سەن دېگەن نەلەردە قالىسەن،
تولا يوغان سۆزلىمە!
ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر - بىرىگە
زادىلا گەپ بەرمەي پوكاندەك قى-
زىرىشىپ، نەچچە ئاش پىشىم ئۇرۇ-
شۇپتۇ، لېكىن قىلچە نەتىجە چىقماپتۇ.
ئاخىر ئۇلار ئۆز گېپىنىڭ راستلىقىنى
ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئادەم ئىزدەپ مې-
ڭىپتۇ. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن
يولدا كېلىۋاتقان بىر بوۋاي بىلەن

بىر بالا ئۇچراپتۇ. بالا پاقا بىلەن سازاڭنى كۆرۈپلا بوۋىسىغا:

— بوۋا، ئاۋۇ ئىككىسگە قارىغىنا، تازىمۇ سەمرىگەن پاقا ئىكەن. ئاۋۇ سازاڭمۇ بىر غېرىچ كەلگۈدەكلا ئۇزۇن ئىكەن، — دەپتۇ.

— شۇنداق بالام، بۇ پاقا سېمىز، ھەيۋەتلىك تۇرغىنى بىلەن قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بىر نېمە، — دەپتۇ بوۋاي. ئاندىن سازاڭغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — بۇ سازاڭمۇ ئۇزۇن، يوغان بولغىنى بىلەن تازىمۇ ھۇرۇن، سۆرەلمە بىرنېمە. بۇ ئىككىسى ئىنسانلارغا ھېچقانداق پايدىلىق ئىشمۇ قىلىپ بەرمەيدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە سالقىن يەردە ئۆلۈكتەك ياتقىنى ياتقان. تېخى بۇنى ئاز دەپ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش - تالاش قىلىشىدۇ دېگىنە! بۇنداق ھارام تاماقلارنىڭ بولغىنىدىن بىزگە نېمە پايدا؟ ئاۋارە بولماي يولۇڭغا ماڭ بالام!

بوۋاي بىلەن بالا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن پاقا بىلەن سازاڭ ئىزا تارتقىنىدىن نېمە دېيىشنى بىلمەي بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن پاقا سازاڭغا قاراپ:

— بۇرادەر، بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەمدى بىز قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئۇرۇش - جېدەل قىلىشۋەرمەي ئۆزىمىز توغرۇلۇق ئوبدانراق ئويلىنىپ باقساق بولغۇدەك، قاردىغاندا ئادەملەر بىزدىن راستلا بىزار بوپتۇ، — دەپتۇ.

— دېمىسىمۇ بىز قىلچە ئەمگەك قىلماي، تەييارغا ھەييار بولۇپ كېلىۋاتىمىز، — دەپتۇ سازاڭمۇ خىجىل بولغىنىدىن قىزىرىپ، — ئەمدى ئىنساب قىلمىساق بولمىدى. بولدى ئاغىنە، ئەمدى گەپ تالىشىشنى قويۇپ، ئىش - ئەمگەك بىلەن ھالال تۇرمۇش كەچۈرەيلى، مۇشۇنداق قىلساق ئادەملەر ئىچىدە ئىناۋىتىمىز تىكلىنىدۇ. يۈزىمىزمۇ يورۇق بولىدۇ!

ئۇلار ئىككىسى ئەگەر شۇنداق نىيەتكە كەلگەن بولساق ئىشنى ھازىردىنلا باشلايلى، دېيىشىپ ئېتىزلىق تەرەپكە مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلسە بىر توپ ئادەم شاللىقتا قۇرت - قوڭغۇز، پاشا - كۇمۇتا دېگەندەك ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقۇدەك، يەنە بىر ئېتىزدا بىرنەچچە دېھقان تەرلەپ - پىشىپ ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرۇۋاتقۇدەك پاقا دوستىغا قاراپ:

— مەن شاللىققا بېرىپ دېھقانلارنىڭ ھاشارات يوقىتىشىغا ياردەملىشەي، — دەپتۇ-دە، شاللىققا سەكرەپتۇ.

— مەن ئاۋۇ ئېتىزغا بېرىپ، يەر ھەيدەۋاتقان دېھقانلارغا ياردەملىشەي، — دەپتۇ سازاڭ ۋە شۇياققا كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان پاقا، دېھقانلارغا پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىمەن دەپ باشقا ھېچنېمە يېمەي، زىرائەتلەرنىڭ كۈشەندىسى بولغان ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلارنىلا يەيدىغان بوپتۇ. سازاڭ بولسا، دېھقانلارغا ئازراق بولسىمۇ ياردەم قىلاي دەپ تۇپراقلارنىڭ ئاستىغا كىرىپ ھەر كۈنى تىنىم تاپماي يەر بوشىتىدىغان بوپتۇ. بۇلارنىڭ ئىشىدىن دېھقانلارمۇ رازى بولۇپ، ئۇلارنى ئاسرايدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

# تاشپاقا نېمە ئۈچۈن قاتتىق قېپىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغان؟



بۇرۇنقى زاماندا تاشپاقا يول يۈرگەندە ناھايىتى ئىتتىك ماڭىدىكەن. يۈرۈش - تۇرۇشتىمۇ چاققانىكەن. ئۇ ياتىدىغان ئۆيىنىمۇ ناھايىتى پۇختا ياسىۋالغان بولۇپ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان تادان ئىكەن. شۇڭا غەمسىز ياشايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت قاتتىق قارا يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ياغقاندىمۇ بىرنەچچە كۈنگىچە توختىماپتۇ. نۇرغۇن ئۇچار قانات، ھاشاراتلارنىڭ ئۇۋىسى ۋەيران بولۇپ، ئۇلار تالادا قاپتۇ. بەزىلىرى جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. لېكىن تاشپاقىنىڭ ئۆيى پۇختا، ئىسسىق بولغاچقا ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماپتۇ. ئۇ قاتتىق يامغۇرغا پىسەنت قىلماي ئىسسىق ئۆيىدە راھەتلىنىپ يېتىپتۇ.



شۇ ئەسنادا ئېغىر ئەھۋالدا قالغان پاشا، قۇرت - قوڭغۇز، يىڭناغۇچلار مىڭ تەستە تاشپاقىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلەپتۇ:

— بۇرادەر، يامغۇردا ئۆي - ماكانسىز قالدۇق، بىزگە ياردەم قىلغىن، يامغۇر توختىغۇچە ئۆيۈڭگە كىرىۋالايلى.

— بولمايدۇ. ئۆيۈمگە پاتمايسىلەر، كېتىڭلار، مېنى ئاۋارە قىلماڭلار! — دەپتۇ تاشپاقا ئۇلارغا سوغۇققانلىق بىلەن.



بۇلار دۇنيادىكى ھەممە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭغا يېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ زادىلا ئۇنىماپتۇ.

ئەتىسى يامغۇر توختاپ كۈن ئېچىلىپتۇ. قورسىقى ئاچقان تاشپاقا ئوزۇق ئىزدەپ سىرتقا مېڭىپتۇ. بىراق ئىككى قەدەم ماڭمايلا كەينىگە قاراپ: «ئوزۇق ئىزدەيمەن دەپ شۇنچە چىرايلىق، پۇختا ئۆيۈمنى تاشلاپ كېتەمدىمەن؟ تۈنۈگۈنكىدەك ئۆي - ماكانسىز قالغان بىرنېمىلەر كېلىپ ئۆيۈمنى ئىگىلىۋالمىسۇن يەنە! توختا، ئەخمەقلىك قىلماي ئۆيۈمنى كۆتۈرۈۋالاي» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ - دە، ئېغىر ئۆيىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ مېڭىپ كېتىپتۇ. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ تاشپاقا نەگە بارسا ئۆيىنى يۈدۈپ يۈرىدىغان بوپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا - بارا بۇ ئېغىر ئۆي ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىڭ چاپلىشىپ كېتىپ زادىلا ئاجراتقىلى بولمايدىغان قاتتىق قاپقا ئايلىنىپ قاپتۇ.





# ياۋا ئۆردەك، بۆدۆنە، سۇغۇر ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر

## ياۋا ئۆردەكنىڭ مەيدىسى نېمىشقا سېرىق بولۇپ قالغان؟



بۇرۇن گۈل ـ گىياھلار يەل-
پۈنۈپ تۇرىدىغان بىر تاغدا توش-
قان بىلەن پاقا سەيلە قىلىپ ئويۇ-
ناۋېتىپ، بىر ئالتۇن كۆپنى تېپى-
ۋاپتۇ. ئۇلار بۇ كۆپنى تالىشىپ
قاپتۇ. ئۇلار ئاخىر مەسلىھەتلى-
شىپ، مۇسابىقىگە چۈشمەكچى بو-
لۇشۇپتۇ. كىم تېز يۈگۈرۈپ كۆ-
پىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسا، ئالتۇن
كۆپ شۇنىڭ بولىدىغان بوپتۇ.
مۇسابىقىدە پاقا ھىيلە ئىشلى-
تىپ ئۇتۇۋاپتۇ. توشقان بۇ مۇسابىقىدە پاقىنىڭ ساختىپەزلىك قىلغانلىقىنى چۈشەنمەپتۇ،
شۇڭا ئالتۇن كۆپ پاقىغا تەئەللۇق بوپتۇ. پاقا ئالتۇن كۆپكە ئىگە بولغان بىلەن ئۇنى
تاغدىن ئېلىپ چۈشۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماي بېشى قېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، بىر ياۋا
ئۆردەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. پاقا ئەھۋالنى ياۋا ئۆردەك-
كە سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.
ياۋا ئۆردەك كۆپنى پەسكە چۈشۈرۈپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. بىراق يېرىمىنى مەن
ئالىمەن دەپ شەرت قويۇپتۇ. پاقا ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋا ئۆردەك
ئالتۇن كۆپنى تاغدىن پەسكە ئېلىپ چۈشۈپتۇ، ئىككى پارچە قىپتۇ ۋە يېرىم پارچىسىنى
ئېلىپ كېتىپتۇ. ياۋا ئۆردەك ئالتۇننىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى
تالقان قىلىپ ئېزىپتۇ ـ دە، مەيدىسىگە سۈركىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋا ئۆردەكنىڭ مەي-
دىسى سېرىق بولۇپ قالغانىكەن.

## بۆدۇنىلەر نېمە ئۈچۈن ئوت - چۆپلەر ئىچىدە ياشايدۇ؟



باللىرىغا دان ئەكەلگەن بۆدۇنە ئۇۋىسى ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپ، قورايلارنىڭ ئۆرۈلۈپ، ئوچۇقچىلىقتا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، باللىرىغا:

— باللىرىم، ئەتراپ يالىڭاچلا بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇۋىمىزنى يۆتكىۋالغۇچە سىلەر سىرتقا چىقماي جىم يېتىڭلار. بولمىسا كۆشەندىلىرىمىز سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلىپ، دان ئېلىپ كېلىشكە كېتىپتۇ.

بۆدۇنە باللىرى ئانىسىنىڭ نەسىھەتىگە پەرۋا قىلماپتۇ. ئۇلار ئەتراپنىڭ يالىڭاچلىنىپ ئوپئوچۇق بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە:

— ئانىمىز قېرىپ ئالجىپ قاپتۇ، ئۇ بىزنىڭ يورۇق جاھاندا ئەركىن يايراپ يۈرۈشىمىزنى ياقتۇرمىسا كېرەك، — دەپ كۈلۈشۈپ، ھەممىسى تەڭلا ئۇۋىسىدىن چىقىپ ئويناشقا باشلاپتۇ.

بۆدۇنە باللىرى تازا قىزىق ئوينىشىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت ئاسماندا بىر سا پەيدا بوپتۇ - دە، پەسكە قاراپ بىر شۇڭغۇپلا بۆدۇنە باللىرىدىن بىرنى باسماداپ تۇتۇپ

ئاسمانغا ئاچقىپ كېتىپتۇ.

قالغان بۆدۈنە باللىرى ئۇۋىسىغا قېچىپ كىرىشىپ كۆز يېشى قىلىپ تۇرغاندا، ئانىسى دان ئېلىپ يېتىپ كەپتۇ. ئانىسى ئۇلاردىن نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى سورىغانكەن، ئۇلار بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— مەن دېمىدىممۇ؟— دەپتۇ ئانىسى ئۇلارنى ئەيىبلەپ، — ئۇۋىدىن چىقماڭلار دېسەم گېپىمنى ئاڭلىماپسىلەر. ئەمدى قانداق قىلىسىلەر؟

— ئەمدى ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن ھەرگىزمۇ چىقمايمىز،— دەپ ۋەدە بېرىشىپتۇ باللىرى.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۆدۈنىلەر قېلىن ئوت -چۆپلەر ئارىسىدىن زادىلا چىقمايدىغان بولغانىكەن.

## سۇغۇر ھەققىدە ئەپسانە



بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بالىچاقىسىمۇ يوق يېتىم بىر دېھقان بار ئىكەن. ئۇ ياۋۇز بايلارنىڭ زۇلمىدىن كۆن ئالالماي، خىلۋەت بىر تاغنىڭ ئارىسىغا قېچىپ بېرىۋاپتۇ-دە، بىر مەزگىل تاغ ئارىسىدىكى ياۋا مېۋە - چېۋە ۋە ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ جان بېقىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۇشتۇمتۇت بىر جىرانىڭ ئىچىدە تۈپتۈز، كەڭرى بىر پارچە يەرنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، «بۇ يەرنى ئېچىپ ئاشلىق تېرىسام بولىدىكەن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئەتىسىدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئاخىر مېڭىبىر مۇشەققەتتە بىرنەچچە مو كەلگۈدەك بوز يەرنى ئېچىپ، مۇنبەت يەرگە ئايلاندۇرۇپتۇ. قىر سوقۇپتۇ، ئوغۇتلاپتۇ، ئېرىق چېپىپ، يىراقلاردىن سۇ باشلاپ كېلىپ ئوسا قىپتۇ، ھەيدەپتۇ. يەرگە ئۇرۇق سالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئوۋ ئوۋلاپ

يۈرگەن بىر ئاچ كۆز باي بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ مۇنبەت، بولۇق يەرنى كۆرۈپ باينىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ-دە، دېھقاندىن بۇ يەرنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ دېھقانىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ ۋارقىراپتۇ:

— ھەي، بۇ يەرنى ئېچىپ تېرىشقا ساڭا كىم ئىجازەت بەردى؟!

— تەقسىر، بۇ يەرنى مەن ئەمگەك قىلىپ، ھالال تەر ئاققۇزۇپ ئاچتىم، — دەپتۇ ئاق كۆڭۈل دېھقان.

— ھالال تەر دېگەن نېمە ئۇ؟ بۇ مېنىڭ يېرىم، تولا كاپشىماي يوقال بۇ يەردىن! — دەپتۇ باي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.



بىچارە دېھقان يالۋۇرۇپ بېقىپتۇ، غەزەپلىنىپ بېقىپتۇ، لېكىن ئاچ كۆز باي بىشەملىك بىلەن «بۇ مېنىڭ يېرىم» دەپ چىڭ تۇرۇۋېپتۇ، دەرغەزەپ بولغان دېھقان ئاخىر باينى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. تاماخور قازى بۇلاردىن نەپ ئېلىش مەقسىتىدە:

— بۈگۈن ۋاقتىم يوق، ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىڭلار! — دەپتۇ.

ئاق كۆڭۈل دېھقان: «باينىڭ بۇ يەرنى مېنىڭ دەيدىغان ھېچقانداق ھەققى يوق، قازىمۇ ھەرگىز بايغا يان باسمايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئاندىن



كەلمەكچى بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ.

هىيلىگەر باي شۇ ئاخشىملا قازىنىڭ ئۆيىگە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ كېلىپ قازىنىڭ ئاغزىنى مايلاپتۇ ـ دە:

ــ هۆرمەتلىك قازى ئاخۇنۇم، بىر ئامال قىلىپ، دېهقاننىڭ ئاشۇ يېرىنى ماڭا ئېلىپ بەرسىلە، مەن ئۆزلىرىنى يەنە رازى قىلىمەن، ــ دەپتۇ.

ــ خاتىرجەم بولسىلا،ــ دەپتۇ قازى خۇشال بولۇپ، ــ بۇنچىلىك ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىسەم قانداق قازى بولىمەن!

ئاچ كۆز باي قازىغا رەھمەت ـ تەزىم قىلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن قازى هىيلە ـ مىكىر ئويلاشقا كىرىشىپتۇ. ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئۇ نايىتى شەرمەندە بىر هىيلىنى تېپىپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ـ دەم، دەرهال ئۆزىنىڭ ئون ياشلاردىكى قىزىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ قىزىم، مەن ئەتە جىرانىڭ ئىچىدىكى يېڭى ئېچىلغان يەرگە بېرىپ ئېتىزلىقنىڭ



ئوتتۇرىسىغا بىر ئورا كولايمەن. ئۆكۈنلۈككە سېنى شۇ ئورىغا كىرگۈزۈپ، ئۈستىگە ئازراق شاخ ـ شۇمبا قويغاندىن كېيىن نېپىز توپا بىلەن يېپىپ قويىمەن. سەن چىداپ بىرئاز ۋاقىت جىم ياتقىن. بىردەمدىن كېيىن ئىككى دەۋاگەرنى باشلاپ كېلىپ «بۇ يەر كىمنىڭ؟» دەپ ۋارقىرايمەن. ئۈچىنچى قېتىم ۋارقىرىغىنىمدا سەن «باينىڭ» دەپ جاۋاب بەرگىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىپ كېتىدۇ. مەنمۇ سېنى ئورىدىن چىقىرىۋالىمەن. ئاڭلىدىڭمۇ قىزىم؟

— بۇنداق قىلىپ نېمە قىلىسەن دادا؟ — دەپ سوراپتۇ قازىنىڭ قىزى ھەيران بولۇپ.

— ئۇ ئەسلىدە بىر دېھقاننىڭ يېرى، ئۇنى بايغا ئېلىپ بەرمەكچىمەن!

شۇنداق قىلىپ قازى مۇشۇ پىلان بويىچە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن باي بىلەن دېھقان يېتىپ كەپتۇ. قازى مۇغەمبەرلىك بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— ھەر ئىككىڭلارنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق تۇرىدۇ، بىراق ھېچقانداق گۇۋاھچىڭلار يوق ئىكەن. شۇڭا بۇنداق دەۋانى سوراش ناھايىتى مۇشكۇل. مېنىڭچە بىر ئامال بار، ھازىر ئۈچىمىز ئاشۇ ئېتىزغا بارايلى. مەن: «بۇ يەر كىمنىڭ؟» دەپ ۋارقىرايمەن. خۇدانىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ، يەر ئاستىدىن جەزمەن بىرەر جاۋاب كېلىدۇ. جاۋابتا كىمنىڭ دېسە، يەر شۇنىڭ بولسۇن، قانداق دەيسىلەر؟



— بولىدۇ، مەن رازى، — دەپتۇ ھىيلە ـ مىكىرنى سەزگەن باي.

دېھقان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە: «يەر ئاستىدىن قانداقمۇ جاۋاب كەلسۇن؟ ناۋادا خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن جاۋاب كەلدى دېگەندىمۇ خۇدا يالغان گەپ قىلمايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ـ دە، رازى بوپتۇ.

قىزنى ئاللىقاچان ئېتىزلىقتىكى ئورىنىڭ

ئىچكە ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇپ قويغان قازى ئۇلارنى دادىل باشلاپ مېڭىپتۇ. قازى ئېتىزنىڭ بىر بېشىدا تۇرۇپ:

— ھەي، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ ئاللا، ئۆزۈڭ جاۋاب بەرگەيسەن — بۇ يەر زادى كىم-نىڭ؟— دەپ ۋارقىراپتۇ. جاۋاب ئاڭلانماپتۇ. قازى ئېتىزنىڭ يەنە بىر بېشىغا كېلىپ يەنە ۋارقىراپتۇ، جاۋاب ئاڭلانماپتۇ. قازى ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئۈچىنچى قېتىم ۋارقىرىغاندىن كېيىن بىردىنلا يەر ئاستىدىن «باينىڭ!» دېگەن ناھايىتى ئاجىز، زىل ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. باي خۇشال بولۇپ كېتىپ «قانداق» دېگەندەك قىلىپ دېھقانغا قاراپ قويۇپتۇ. دېھقان ھەيران بولۇپ، غەزەپلىك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

— ئىشەنمىسەڭلار يەنە بىر قېتىم ۋارقىراپ باقاي، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار!— دەپتۇ قازى ۋە يەنە ۋارقىراپتۇ. «باينىڭ» دېگەن چىرقىراق ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپتۇ.

— توۋا! خۇدامۇ يالغان گەپ قىلدىكەنغۇ! مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. بولدى، سەنلەرنىڭ مەقستىڭ مەندىن مۇشۇ بىر پارچە يەرنى تارتىۋېلىش بولسا، بەردىم. ئال ئاچ كۆزلەر!— دەپتۇ دېھقان ۋە خاپا بولۇپ كېتىپ قاپتۇ.

باي قازىغا تەزىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تۇرۇشىغا ئۇشتۇمتۇت قاياقتىن-دۇر، قارا بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ بوران چىقىپ كېتىپتۇ..

باي بىلەن قازىنىڭ بىرلىشىپ دېھقانىنى بوزەك قىلغانلىقىغا تاغ - دەر-يالارنىڭمۇ غەزىپى كەلگەنىكەن. قاتتىق قارا بوۋان قەھر بىلەن كېلىپ، قازى بىلەن باينى قاياققىدۇر ئۇچۇرۇپ كېتىپ-تۇ. قازىنىڭ قىزى يەر ئاستىدىن چىقالماپتۇ. ۋا-قىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىز ئاستا - ئاستا سۇ-غۇرغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

ھازىرقى سۇغۇرلار ئەسلىدە ئاشۇ ھې-لىگەر قازىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇنىڭ ھېلە-مۇ ئاندا - ساندا ئۇۋىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ قى - قاق! قى - قاق! قىلىپ چىرقىراپ قويغىنى «باينىڭ، باينىڭ!» دېگىنىمىش..



# يىلان، كېلەر ۋە پاتمىچۇق ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر

## يىلاننىڭ نېمە ئۈچۈن پۇتى يوق؟

بۇرۇن يىلاننىڭ پۇتى تېشىدا ئىكەن. ئۇ جەننەتكە سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچنىڭ قېشىدا كۆزەتتە تۇرىدىكەن. ئۇ چاغلاردا شەيتان جەننەتنىڭ تېشىدا تۇرىدىكەن. ئۇ جەننەتكە كىرمەكنى خىيال قىلىپ يىلاننىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنى جەننەتكە ئەكىرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ، ئەمما يىلان قوشۇلماپتۇ. شەيتان يەنە بىرمۇنچە يالۋۇرۇپتۇ. يىلاننىڭ روھمى كېلىپ، شەيتاننى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ سۇڭگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ يىلانغا غەزىپى كېلىپ، ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈۋېتىپتۇ ۋە جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن يىلاننىڭ پۇتى يوق بولۇپ قالغانىكەن.



## كىلەر قانداق پەيدا بولغان؟



بۇرۇنقى زاماندا، تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىدە بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھقا تەڭرىتاغدىن تارتىپ ئالتۇنتاغ، قوڭغۇرتاغ، ئامۇ دەرياسى، دون دەرياسى ۋە شور دەريا قىرغاقلىرىغىچە بولغان بىپايان تاغ - دەريا ۋە ئوتلاقلار قارايدىكەن. پادىشاھ ئادالەتتە نۇشىرۋان ئادىلدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن، ھەرقانداق ئىشنى دانىشمەنلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلىدىكەن، ئۆز خەلقىگە تولىمۇ مېھرىبان ئىكەن، دۈشمەنلىرىگە قوش بىسلىق خەنجەردەك رەھىمسىز ۋە شەپقەتسىز ئىكەن. ئۇنىڭ بايلىقى مول، پۇقرالىرى باي، شاد - خۇرام ۋە ئۇيۇل تاشتەك ئۆم - ئىناق ئۆتىدىكەن. بۇ پادىشاھ قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ تەڭداشسىز ئىكەن. ئۇنىڭ داڭقى يەتتە ئىقلىمغا پۇر كېتىپتۇ. دوستلىرى ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ، دۈشمەنلىرى ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىنىپتۇ، پۇچىلىنىپتۇ.

بىر يىلى پادىشاھ مەملىكەتنىڭ لەشكىرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر ئاپتۇ.
پۇقرالار بۇ ئادالەتپەرۋەر دانىشمەن پادىشاھقا ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز پەرزەنتلىرىنى ئىككى
قوللاپ تۇتۇپتۇ. مىڭلىغان پۇقرا باللىرى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىكىگە قوبۇل قىلىنىپتۇ.
يېڭى قوبۇل قىلىنغان لەشكەرلەر ئىچىدە كېرىم ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ ھەي-
لىگەرلىكتە شەيتانغا دەرس بېرىدىغان، ئىچىدە توققۇز قۇترايدىغان، ئۇنىڭ بۆكىنى
بۇنىڭغا كيگۈزۈپ، قىزىل كۆزلۈك قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان مەخلۇق ئىكەن.

يىراق بىر مەملىكەتتە بۇ پادىشاھقا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك ساقلاپ
كەلگەن بىر پادىشاھ بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ پادىشاھ ئادىل پادىشاھنىڭ ئىچ-
كى سىرلىرىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بوپتۇ-دە، پادىشاھنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ
كەڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ قوشۇن
تارتىپ مېڭىپتۇ. بۇ خەۋەر ئادىل پادىشاھقا يېتىپتۇ. پادىشاھ دۈشمەنىنىڭ قۇرۇق ھەي-
ۋىسىدىن قىلچە تەمتىرەپ كەتمەي، لەشكەرلىرىنى قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ، پۇختا
تەييارلىق قىلىپ تۇرۇپتۇ.

ياخشى بىر سائەتتە، بۇ پادىشاھ ئۆزىگە قارشى ئاتلانغان دۈشمەنلەرگە قارشى
لەشكەر تارتىپ مېڭىپتۇ. كېرىممۇ بۇ لەشكەرلەر ئارىسىدا بار ئىكەن. ئۇ كېتىۋېتىپ
ئويلاپتۇ: بۇ پادىشاھ ياۋغا قارشى تەۋەككۇل قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ياۋ ئۈستىدىن غالىب
كېلەمدۇ، مەغلۇپ بولامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەن ئۆزۈمنى قاراپ تۇرۇپ ئۆ-
لۈمگە تۇتۇپ بەرگۈچە، ياخشىسى بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتىپ جېنىمنى قۇتۇلدۇراي.

لەشكەرلەر بىر مەنزىلگە بېرىپ قونغاندا كېرىم پادىشاھقا دەپتۇ:

— جانابىي شاھىئالەم، مۇشۇ ئەتراپتا مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام بار ئىدى، ئۇنىڭ بى-
لەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن زامان بولدى، بىر كۆرۈشۈۋالسامكەن.

پادىشاھ ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كېلىشكە ئىجازەت
بېرىپتۇ. كېرىم بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى كېرىمنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ، كەلمىگەندىن كېيىن لەشكەر-
لىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. بىر مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن پادىشاھ لەشكەرلىرىگە:

— توختاڭلار، ئۇ يېتىشىۋالسۇن!— دەپتۇ، كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، كېرىم يەنە كەلمەپ-
تۇ. شاھ بىرنەچچە لەشكىرىنى كېرىمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. لەشكەرلەر قايتىپ كېلىپ پا-
دىشاھقا:

— كېرىم ھازىر يېتىپ بارىمەن دەيدۇ، — دەپتۇ. شاھ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى كې-

رىمنى مانا كىلەر، ئەنە كىلەر، ھازىر كىلىپ قالار، دەپ كۈتۈپ بىقىپتۇ، يەنىلا كەلمەپتۇ. شاھ غەزەپلىنىپ بۇ ئىككى يۈزلىمە، قارا يۈز قاچقۇنغا لەنەت ئوقۇپتۇ ـ دە، تەرەت ئېلىپ، جايىنامازنى سېلىپ تەڭرىگە مۇنداق دەپ مۇناجات قىپتۇ:

«ئىبارا خۇدايا، پەرۋەردىگارا، سەن ھەممىگە قادىرسەن، قارا نىيەت، ئىككى يۈزلىمە خائىنلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەيسەن. ئۇ كىلمەن دەپ بىزنى ئالداپ قويدى. ئۇنى گۇناھكار ئاسىي بەندىلىرىڭگە ئىبرەت قىلىپ، كىلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەيسەن!»

تەڭرى شاھنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىپتۇ. كىرىم بىر يارنىڭ يوچۇقىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن. ئۇ مۆكۈنۈپ تۇرغان يېرىدىلا بىردىنلا تىرىسى مۇدۇر ـ چوقۇر، تىكەنلىك، قۇيرۇقلۇق، قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇققا ــ كىلەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

كىلەر چۆل ـ جەزىرە، ساي ـ جىرالارنى ئۆزىگە ماكان قىپتۇ. ئۇ ھەمىشە ئادەملەرنى كۆرسە، مەن قاچان ئۆز ئەكسىمگە قايتىمەن، دىگەندەك، تىكىلىپ قارايدىكەن.

## پاتمچۇقنىڭ قولتۇقى نىمە ئۈچۈن قىزىل بولۇپ قالغان؟

پاتمچۇق ئەسلىدە گۈزەل قىز ئىكەنمىش. ئۇنىڭ ئىسمى پاتمخان بولۇپ، غۇنچە بوي، مەڭزى قىزىل ئالمىدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك چىرايلىق ئىكەن. بىراق قىلىقى ناھايىتى سەت ئىكەن. نەپسى يامان بولۇپ، كۆرۈنگەننى يەيدىكەن، ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئوغرىلايدىكەن. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى گەپكە كىرگۈزەلمەي بەكمۇ ئازابلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن قولۇم ـ قوشنىلارمۇ بىزار ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ پاتمخان ھۆسنىگە تولۇپ چوڭ بوپتۇ. مەھەللىدە ياشلار ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىغا ھەۋەسلىنىپ ئۇنى ئۆزىگە جورا قىلىۋېلىشنى ئويلايدىكەنۇ، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى كۆز ئالدىغا كەلسە تېزلا يالتىيىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆز يۇرتىدىن لايىق چىقماپتۇ. يىللار ئۆتۈپ يىراق بىر شەھەردىن كەلگەن بىر سودىگەرنىڭ ئوغلى بۇ قىز بىلەن توي قىلىپ، ئۇنى ئۆز شەھرىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. قېيىنئانىسى كېلىنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. پاتمخان بىر مەزگىل چاندۇرماي يۈرگەن بولسىمۇ، «ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۈجمە پىشقۇچە» دىگەندەك، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى ئاستا ـ ئاستا يەنە چىقىشقا باشلاپتۇ.

پاتمىخان قىيىنئانىسى يوق چاغدا ئۆيدىكى كۆرۈنگەنلا نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ ئۆ-
يگە توشۇيدىكەن. قىيىنئانىسى ئۇنىڭغا ھەرقانچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ زادىلا ئا-
لماپتۇ. ئۆيدىكىلەرنى بەكمۇ قاقشىتىپتۇ. ئاخىر قىيىنئانىسى چىدىماي ئۇنى قارغاپتۇ ۋە
خۇدادىن ئۇنى جازالاشنى تەلەپ قىپتۇ.

بىر كۈنى پاتمىخان ئۇيا - ئەگلىك ۋە كىيىم - كېچەكلەر ئورالغان بوغچىنى قولتۇ-
قىغا قىستۇرۇپ ئوغرىلاپ ماڭغاندا، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇشتۇمتۇت قىزىل قول-
تۇقلۇق كىچىككىنە ھاشارات — پاتمىچۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ.

پاتمىچۇقنىڭ قولتۇقىدىكى قىزىل ئاشۇ چاغدا ئوغرىلىغان بوغچىسىكەن.



# قارلىغاچ، تورغاي، قۇشقاچ، ھەسەل ھەرىسى، پاشا ۋە چېۋىن قاتارلىقلار ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر

## قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن ئاچا بولۇپ قالغان؟

ئۇچار قانات، جان - جانىۋارلار ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن ئۆز پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەمدى بىز نېمە يەپ جېنىمىزنى جان ئېتىمىز؟ بىر - بىرىمىز بىلەن تالىشىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن يەيدىغان نەرسىمىزنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىز!— دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەزىلىرىگە دان، بەزىلىرىگە ئوت - چۆپ، بەزىلىرىگە قۇرت - قوڭغۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى يېيىشنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يىلان سۆرۈلۈپ كېلىپ:

— مەن نېمە يەيمەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— نېمىشقا بالدۇرراق كەلمىدىڭ؟— دەپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، — ھەممە ئوزۇقلۇقنى تەقسىم قىلىپ بولدۇق. ئەمدى سەن ئۆزۈڭ بېرىپ بىر نەرسە ئىزدەپ باققىن. نېمە دېتىڭغا ياقسا شۇنى يە!

— بۇ يېقىن ئەتراپتا مەن يېگۈدەك بىر نەرسە يوق،— دەپ تەلەتنى پۈرۈشتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ يىلان،— يىراقلارغا بېرىپ ئوزۇق ئىزدەي دېسەم يا قانىتىم، يا پۇتۇم بولمىسا قانداق قىلىمەن؟

پادىشاھ بىرنېمە دېگۈچە بىر چەتتە قاراپ تۇرغان پاشا يىلانغا خۇشامەتچىلىك قىلىپ:

— يىلان ئاكا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزگە ئوزۇقلۇق ئىزدىشىپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ماقۇل، ماقۇل ئۇكام!— دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ يىلان، — مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قويغىن، مۆرىتى كەلگەندە مەنمۇ ساڭا ياندۇرارمەن. ئۇنداق بولسا،

سەن ھازىر بىرىپ ھەممە جانلىقنىڭ قېنىنى شوراپ تېتىپ باققىن، مەن قان ئىچىشكە ئامراق، نېمىنىڭ قېنى تاتلىق بولسا، مەن شۇنىڭ قېنى بىلەن ئوزۇقلىناي!

شۇنداق قىلىپ پاشا يولغا چىقىپتۇ، ئۇ ھەممە جانلىققا نەشتىرىنى تىقىپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شوراپ تېتىپ بېقىپتۇ. ئاخىر: ئادەمنىڭ قېنىدەك تاتلىق قان يوقكەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، يىلانغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن شاپاشلاپ مېڭىپتۇ.

بىر دەرەخكە قونۇپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان قارلىغاچ ھاسراپ ـ ھۆمۈدەپ ئۇ-چۇپ كېلىۋاتقان پاشىنى كۆرۈپتۇ ـ دە:

— ھەي پاشىۋاي، شۇنچە ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟ مەيەرگە كەل، بىردەم دېمىڭنى ئېلىۋالغىن، — دەپ چاقىرىپتۇ.



— يىلان ئاكامغا ئوزۇق ئىزدىگىلى بارغانىدىم. ناھايىتى تەسلىكتە تاپتىم. ئۇنىڭغا ئىتتىك خەۋەر قىلمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ پاشا ھاسراپ تۇرۇپ.

— قېنى ئېيتقىنا، ئۇنىڭغا نېمە ئوزۇق تاپتىڭ؟

— ھەممە نەرسىنىڭ قېنىنى تېتىپ كۆردۈم. ئادەمنىڭ قېنى بەك تاتلىقكەن..

— ئادەمنىڭ قېنى دەمسەن؟! — قارلىغاچ چۆچۈپ كېتىپ سوراپتۇ.

— ھەئە، ئادەمنىڭ قېنى!

— ئەمدى يىلانلار بۇنىڭدىن كېيىن ئادەمنىڭ قېنى بىلەن ئوزۇقلىنامدۇ؟

— ئەلۋەتتە!— دەپتۇ پاشا كۆرەڭلەپ، — يىلان ئاكام مەندىن بەكمۇ رازى بولۇپ كېتىدىغان بولدى-دە!

قارلىغاچ: «چاتاق بوپتۇ! بۇنداق بولغاندا ئادەملەر چوڭ پالاكەتكە ئۇچرايدۇ، ياق، مەن ئادەملەرنى قۇتقۇزاي» دەپ ئويلاپتۇ-دە، دەرھال بىر ئۇستىلىق ئىشلەتمەكچى بولۇپ:

— ھەي.. يالغان گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن! ئادەمنىڭ قېنى قانداقمۇ تاتلىق بولسۇن؟ مەن ئىشەنمەيمەن!— دەپتۇ.

— يالغان بولسا تىلىمنى يالاپ باقمامسەن، تىلىمدا ئادەم قېنىنىڭ تەمى ھېلىمۇ بار!— دەپتۇ پاشا تىلىنى چىقىرىپ.

— تىلىڭنى ئۇزۇنراق چىقارمامسەن، بولمىسا قانداق يالىغىلى بولىدۇ؟

پاشا تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپتۇ. قارلىغاچ ئۇنىڭ تىلىنى يالىغان بولۇپ، گاچچىدە چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ.

پاشا جان ئاچچىقىدا سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە گاچا بولۇپ قېلىپ گىڭىلداشقا باشلاپتۇ.

قارلىغاچ خۇشاللىقىدىن قاناتلىرىنى قېقىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

پاشا يىلاننىڭ ئالدىغا كېلىپ «گىڭ - گىڭ - گىڭ» قىپتۇ. يىلان ئۇنىڭ بىردەمدىلا گاچا بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالماپتۇ.

— بۇنىڭ زۇۋانىنى مەن ئۇقىمەن، — دەپتۇ پاشا بىلەن بىللە يېنىپ كەلگەن قارلىغاچ، — مەن ساڭا دەپ بېرەي.

— ھە، ئېيتقىنا، پاشا نېمە دەۋاتىدۇ؟— دەپتۇ يىلان.

— ئۇ ھەممىدىن پاقىنىڭ قېنى تاتلىقكەن دەۋاتىدۇ!

— نېمە، پاقىنىڭ قېنى قانداقمۇ تاتلىق بولسۇن؟!— غەزەپلەنگەن يىلان قارلىغاچقا كۆزلىرىنى ئالايتىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ، — پاقا ماڭا ئوخشاشلا سازلىق، پاتقاقلىقتا پايدىدىغان بىرنېمە تۇرسا، مەن ئۇنىڭ قېنىنىڭ ئەڭ بەتتام ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىمەن! سەن مېنى ئالداۋاتىسەن!

— يوقسۇ تەقسىر، ئۇ راستلا پاقىنىڭ قېنى تاتلىق دەۋاتىدۇ.

«مەن ئەمدى پاقىدەك بىرنېمىنىڭ قېنى بىلەن ئوزۇقلىنامدىمەن!» دەپ يىلاننىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ-دە، قورساق كۆپۈكىنى قارلىغاچتىن ئالماقچى بولۇپ، بىرلا ئېتىلغانىكەن، ئەقىللىق قارلىغاچ چاققانلىق بىلەن «پۇررىدە» ئۇچۇپ كېتىپتۇ. يىلاننىڭ ئاغزىدا قارلىغاچنىڭ پەقەت بىرنەچچە تال قۇيرۇقلا قاپتۇ، شۇنىڭدىن بۇيان قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى ئاچا بولۇپ قالغانىكەن.

كېيىن ئادەملەر بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن قارلىغاچتىن بەك مىننەتدار بولۇپ كېتىپتۇ. قارلىغاچلارمۇ ئادەملەرنى ئۆز كۆرۈپ ئۆيلەردە ئۇۋىلايدىغان بوپتۇ.

## بوز تورغاينىڭ ئۇۋىسى نېمە ئۈچۈن ئېتىزلىقتا بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا قۇشلارنىڭ مۇقىم ماكانى يوقكەن. ئۇلار نەگە ئۇچۇپ بارسا شۇ يەردە ئۇۋا تۇتۇپ تارقاق ياشايدىكەن. كېيىن قۇشلارنىڭ پادىشاھى: «بارلىق قۇشلار يىغىلسۇن، ئۇلارغا ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق يەردىن ئۇۋا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بەلگىلەنگەن كۈنى ھەممە قۇشلار تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىش ئورنىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بوز تورغاي بىرمۇنچە قۇش بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ يولدا بىر دېھقاننىڭ كالا ھارۋىسى بىلەن ئېتىزغا ئوغۇت توشۇۋاتقانلىقىنى، كالىنىڭ بىر دۆڭدە ھارۋىنى تار-تالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، دوستلىرىغا قاراپ:



— ئاغىنىلەر، يۇرۇڭلار، ھەممەيلەن بىرىپ ئاۋۇ دېھقاننىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىشىپ بېرەيلى، — دەپتۇ.

— بۇگۈن بىزگە ئۇۋۋا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان تۇرسا، دېھقانغا ياردەملىشىمىز دەپ يۈرسەك كېچىكىپ قالمايمىزمۇ؟— دەپ باشقا قۇشلار ئۇناشماپتۇ. بوز تورغاي:

— ئۇنداق بولسا، سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار. مەن ياردەملىشىپ بېرەي، ئارقاڭلاردىن بارىمەن، — دەپتۇ ۋە شۇ يەردە قاپتۇ.

ئۇ كېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھارۋىنى ئىتتىرىپتۇ ۋە «ھە - ھۇ» دەپ دېھقانغا ئىلھام بېرىپتۇ. ھارۋا دۆڭگە چىقىپ كېتىپتۇ. بوز تورغايمۇ دېھقان بىلەن بىللە ئېتىزلىققا كەپتۇ. ئۇ: «ياردەم قىلغاندىكىن ئاخىرىغىچە قىلاي» دەپ ئويلاپ، دېھقانغا ياردەملىشىپ يەرگە ئوغۇت چېچىشىپ بېرىپتۇ. دېھقان ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولۇپ كېتىپتۇ. بوز تورغاي ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتۇ-دە، يىغىلىش ئورنىغا بارالماپتۇ. كۆڭلى كەچ بولۇپ قاپتۇ، ئۇ «ئەمدى بارايمۇ - بارمايمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقىنىدا ئۇۋۋا تەقسىم قىلىنىۋالغان قۇشلارمۇ قايتىپ كېلىشىپ، ئۇۋىنى تەقسىم قىلىپ بولغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ. دېھقاننىڭ بوزتورغايغا ئىچى ئاغرىپ:

— ماڭا ياردەم قىلىمەن دەپ ئۇۋىسىز قاپسەن، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟— دەپتۇ.

— ھېچ ۋەقەسى يوق ئاكا، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. ئالەمنىڭ قوينى كەڭ، خاتىرجەم بولۇڭ. ماڭىمۇ بىر يەردىن جەزمەن ئۇۋا تېپىلىدۇ، — دەپتۇ بوز تورغاي قىلچە كۆڭلىنى يېرىم قىلماي.

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ دېھقان بوز تورغايغا، — سەن كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان قۇش ئىكەنسەن. مېنىڭ مۇشۇ بۇغدايلىقىمدا ئۇۋا تۇتۇپ ماكانلىشىپ قالغىن. بۇ يەردە سەن يەيدىغان قۇرت - قوڭغۇز كۆپ، ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرى، تۆكۈلگەن بۇغداي دانلىرىمۇ بار. قانچە يېسەڭمۇ يېتىدۇ. بىر - بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇپ بىللە ياشايلى.

بوز تورغاي دېھقاننىڭ تەكلىپىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئېتىزلىقنى ماكان قىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ئېتىزلىقتا تۇخۇم چىقىرىپ باللىرىنى چوڭ قىلىدىغان ۋە دېھقانغا مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن دائىم ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان بوپتۇ. ھازىرمۇ شۇنداق قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

## ئاق قۇشقاچ نېمە ئۈچۈن سەكرەپ ماڭىدۇ؟



بۇرۇنقى زاماندا ئاق قۇشقاچمۇ باشقا قۇشلارغا ئوخشاش سەكرىمەي، چامداپ ماڭىدىكەن. بىراق ئۇ بەك ھىيلىگەر، ھۇرۇن ئىكەن. ئۆزىنى زادىلا ئۇپراتمايدىكەن. ئوزۇق ئىزدەشتىنمۇ ئېرىنىپ، باشقا قۇشلار توپلاپ قويغان تەييار ئوزۇقلارنى ئوغرىلاپ يەيدىكەن. ھەتتا ئۇ بارا - بارا قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىنىمۇ ئوغرىلاپ يەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ دەستىدىن باشقا قۇشلار كۈن ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى قۇشلار ئۇنى ئوغرىلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ، قازىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ بېرىپتۇ ۋە قازىدىن ئۇنى قاتتىق جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ.

قازى بارلىق قۇشلارنى يىغىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنى سوراققا تارتىپتۇ. ئاق قۇشقاچ ئىلاجسىز ئۆزىنىڭ كەسپىي ئوغرى ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ جان بېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بويىنىغا ئاپتۇ.

— ئوغرىغا رەھىم - شەپقەت قىلىشقا بولمايدۇ. پۇتىغا كىشەن سېلىنسۇن، ئۆمۈرۋايەت قاماقتا ياتسۇن!— دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ قازى. شۇ سورۇندىلا ئۇنىڭ ئىككى پۇتىغا كىشەن سېلىنىپ قاماققا تاشلىنىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئاق قۇشقاچ ھارامزادە بىر پەيتنى تېپىپ قاماقتىن قېچىپ كېتىپتۇ، بىراق ھەرقانداق قىلىپمۇ پۇتىدىكى كىشەننى ئاجرىتالماپتۇ، باشقا قۇشلارمۇ ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى خالىماپتۇ. ھازىرمۇ ئۇنىڭ پۇتىدا كىشەن بار ئىكەن. شۇڭا ئۇ چامداپ ماڭالماي «دىك - دىك - دىك» سەكرەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

## ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئۆمۈچۈك



دۇنيادا تېخى ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئۆمۈچۈك
پەيدا بولمىغان چاغلار ئىكەن. بىر تۇل خوتۇننىڭ بىر
ئوغلى ۋە بىر قىزى بار ئىكەن. بۇلار بەكلا كەمبەغەل
ئىكەن. ئانىسى باللىرىنى ناھايىتى جاپادا باقىدىكەن،
باللىرىنى باقىمەن دەپ ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلەي-
دىكەن. باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىمىز بىرەر
ئىش تېپىپ ئىشلەپ ئاپىمىزنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتەيلى،
دېگەن يەرگە كەپتۇ-دە، سىرتقا ئىش ئىزدەپ چىقىپ
كېتىپتۇ. قىزى چوڭ بىر قورۇلۇش ئورنىغا كېلىپ
لايچىلىق قىپتۇ. ئەتىدىن كەچكىچە لاي، خىش توشۇپ-
تۇ. ئوغلى بىر بابكار ئۇستىنى تېپىپ، ئەتىدىن كەچك-
چە رەخت توقۇشنى ئۆگىنىپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت ئاپىسى قاتتىق ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ
يېتىپ قاپتۇ. بىچارە ئانا ئۆزىنىڭ ئۆرە بولالمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن باللىرىغا
خەۋەر قىپتۇ.

قىزى ئاپىسىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپلا يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە ھېچنېمىگە
قارىماي ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ.



ئوغلى بولسا ئاپىسىنىڭ قاتتىق
ئاغرىپ ياتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن: «ئاغرىپ ياتقان بولسا يېتىۋەر-
مەمدۇ. بۇ يەردە مېنىڭ ئىشىم تۇرسا
ئۇ يەرگە قانداق باراتتىم» دەپ بە-
خىرامان رەختنى توقۇپ ئولتۇرۇۋې-
رىپتۇ.

ئاپىسى قىزىنىڭ ھېچنېمىگە قارى-
ماي ئىشنى تاشلاپ يېتىپ كەلگەنلىكىنى
كۆرۈپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كې-
تىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بەختىنى تىلەپ:

— قىزىم، سەن ماڭا بەكمۇ كۆيۈنىدىكەنسەن. قېرىغان چېغىمدا مېنى خۇشال قىلدىڭ، ئۆمۈرۋايەت بارلىق ئادەملەرگە خۇشاللىق بەخش ئەتكەيسەن! — دەپتۇ.

بىچارە ئانا ئوغلىنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆيۈمسىزلىكىدىن ئازابلىنىپ زار - زار يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنى قارغاپتۇ:

— بوپتۇ ئوغلۇم، رەخت توقۇيمەن دېگەن بولساڭ ئۆمۈرۋايەت رەختىڭنى توقۇۋەرگىن، لېكىن سەن ئۆمۈرۋايەت بۇ ئەمگىكىڭدىن خۇشال بولىمەن دەپ خىيال قىلما. نېمىلا توقۇساڭ باشقىلار كېلىپ يىرتىۋېتەر، ئىلاھىم! ئۆزۈڭ يالغۇز بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا غېرىبسىنىپ ئولتۇرارسەن، ھەممە ئادەم سېنىڭدىن نەپرەتلىنىپ نېرى قاچار ئىلاھىم!

ئانا جان ئۈزۈپتۇ. ئۇ نېمە دېگەن بولسا ئەمەلدە شۇ بوپتۇ. قىزى تىنىم تاپمايدىغان، كىشىلەرگە مەنپەئەت، خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغان ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ چىقارغان ھەسەلدىن ھەممە ئادەم بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ئاكىسى بولسا ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ دائىم ئۆيلەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا غەم - قايغۇ ئىچىدە مۆكۈپ يۈرىدىكەن. ھەممە ئادەم ئۇنى يامان كۆرىدىكەن. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىگە تور توقۇيدىكەن، بىراق قىلغان ئىشىدىن زادىلا نەتىجە چىقمايدىكەن. چۈنكى كىملا ئۆمۈچۈك تورىنى كۆرسە سۈپۈرگە بىلەن ئۇنى دەرھال سۈپۈرۈپ تاشلايدىكەن-دە، ئۆمۈچۈكنى ئۆلتۈرىدىكەن.

ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئۆمۈچۈك مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغانىكەن.

## پاشا بىلەن دۆلەت قوڭغۇزى

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۆلەت قوڭغۇزى ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بوپتۇ-دە، تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن ئىزدەشكە باشلاپتۇ. پاشىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. دۆلەت قوڭغۇزى مۇشۇ قىزنى كېلىن قىلىۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ، بولغۇسى قۇدىسى — پاشىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پاشا دوستۇم، ئوغلۇڭ بولسا ئۆيلىنىدىغان، قىزىڭ بولسا تالالىق قىلىدىغان گەپكەن، قىزىڭنى سوراپ كەلدىم، كېلىن قىلىۋالاي دەيمەن، سېنىڭچە تويلۇققا نېمە بەرسەم رازى بولىسەن؟ — دەپتۇ.

— مىڭ - مىڭ - مىڭ... — دەپتۇ پاشا.

— ۋاھ، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا «مىڭ - مىڭ - مىڭ ...» دېگىلى تۇردۇڭ-

غۇ؟ــ دەپتۇ دۆلەت قوڭغۇزى نارازى بولۇپ ۋە سۆزىنى داۋام قىپتۇ، ــ سەن تازىمۇ پىخسىق نېمە ئوخشايسەن-ھە! بولدى، بۇ قاتارلىق قاتتىقلىق قىلىپ كەتمەي يولدىراق گەپ قىلمامسەن! قېنى، ئاقدىغان گەپنى قىلغىنا، تويلۇقىغا زادى نېمە ئالسەن؟

ــ مىڭ - مىڭ - مىڭ...ــ دەپتۇ پاشا يەنە.

ــ ۋاي - ۋاي... مىڭدىن باشقا گەپكە تىلىڭ كەلمەمدۇ سېنىڭ؟ــ دەپتۇ دۆلەت قوڭغۇزى خاپا بولۇپ،ــ گەپنىڭ پوسكاللىسنى قىلساڭچۇ، گەپ مال، پۇلدا ئەمەس، باللىرىمىز بىر - بىرى بىلەن ئىناق، ئىجىل ئۆتسە ھەر ئىككىمىزنىڭ بەخت - تەلىيى ئەمەسمۇ، مىڭ - مىڭ دەپلا تۇرۇۋالماي، يۈزىنىڭ، ئەللىكىنىڭ گېپىنىمۇ قىلىپ باققىنا، زادى قانچە ئالسەن؟

ــ مىڭ - مىڭ - مىڭ...

ــ ئو... ھوي...ــ دەپتۇ دۆلەت قوڭغۇزى تېرىكىپ ۋە كەلگەن تەرىپىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە پاشا يەنىلا «مىڭ - مىڭ - مىڭ...» دەپ، دۆلەت قوڭغۇزىمۇ «ئو... ھوي...» دەپ يۈرەمىش.



责任编辑:哈斯亚提·依不拉音
责任校对:阿不都热依木·阿布力米提
封面设计:吐达吉·吐尔洪
绘　　画: 阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——猫和老鼠(精选维吾尔儿童有趣神话)
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm × 1092mm　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)